ماخمۇت مۇھەممەت



# قەلبىمدىكى نۇردۇن سادىر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



مەن ئۇنىڭ دوستى ھەم زامانداشى بولغانلىقىمدىن، بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق ئەنە شۇنداق تالانتلىق يازغۇچىنى يېتىش-تۈرۈپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

— مەجىت ناسىر

ISBN 7-228-05692-2

9 787228 056927 >

ISBN 7-228-05692-2
K·807 (民文) 定价: 7.80 元

ماخمۇت مەھەممەت

# قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر

( ئەسلىمە )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
我心中的祖尔东·萨比尔:维吾尔文/马合木提·买买提著。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000
ISBN7—228—05692—2
Ⅰ.我… Ⅱ.马… Ⅲ.祖尔东·萨比尔 — 生平事迹 — 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K825.6
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第20352号

责任编辑:吐尔尼沙·艾山
封面设计:艾克拜尔·沙利

我心中的祖尔东·萨比尔 (维吾尔文)
马合木提·买买提
*

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆人民出版社微机室排版
新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 5印张 2插页
2000年5月第1版 2000年5月第1次印刷
印数:1——5,000

ISBN7—228—05692—2/K·807 定价:9.80元

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر

ماخمۇت مەھەممەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 5,000
ISBN7—228—05692—2/K・807
باھاسى : 9.80 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## دوستۇم زوردۇن سابىرغا مەرسىيە
( كىرىش سۆز ئورنىدا )

ئابرال ئېيتىكىدە ، دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئېچىپ ، بوران ــ چاپقۇنلۇق هايات يولىدا ئىستىقبال ئىزدەپ ، « ئىزدىنىش » كە مۇناسىپ مول هوسۇللۇق ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئۇيغۇر پىروزىسى ۋە ئەدەبىي تىلىغا زور تۆهپە قوشقان شۆهرەتلىك يازغۇچىمىز ، هەقىقەت كۈيچىسى ، خەلقىمىزنىڭ ، دىلكەش دوستى زوردۇن سابىر ئەلنى ئېغىر قايغۇ ، سۈكۈتتە ، تەلمۈرگەن يۈرەكلەرنى مەڭگۈلۈك داغى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى .

ئۇ ، ئىمان ــ ئېتىقادلىق ، لەۋزى هالال خەلق يازغۇچىسى سۈپىتىدە ئۇرغۇپ تۇرغان يېتۈك تالانتى ، كامالەتلىك قەلىمى بىلەن رېئال تۇرمۇشنى ، خەلقنى ، دېھقانلارنىڭ مۇڭىنى ئىپادىلەپ ، دەۋر مېلودىيىسىنى دەۋرگە ئۇلاپ ئەل قەلبىدە مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدە تىكلىدى .

ئۇ ، تۇرمۇشقا سادىق بولۇپ ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سىرلىق ، نازۇك قاتلاملىرىغا دادىل شۇڭغۇپ كىرىپ ، ئۇيغۇر هاياتىنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەپ ، زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم هاسىل قىلدى .

ئۇ ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرى ، هاياتلىق سەپىرىدىكى تەتۈر قىسمەتلەرگە تىز پۈكمەي ، يۈكسەك هۆرمەت ، شان ــ شەرەپلەر ئالدىدا مەغرۇرلانماي ، چىن ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتى ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۈيىدە ئېقىشتەك

پىداكارلىقى، ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسىغا خاس قەلەمكەشلىك ۋىجدانى بىلەن خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئەلگە تەقدىم قىلالىدى.

ئۇ، بۇ قەدىمىي، مەدەنىيەتلىك، باي ـ ئەلۋەك زېمىنىنىڭ گۈزەل تاغۇ دەريالىرى، بىپايان ئېتىز ـ دالالىرى، ئېپار ـ ئەنبەر چېچىپ تۇرغان مىڭ ـ تۈمەن خىل گۈل ـ گىياھلىرى، بۇندىكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاجايىپ مېھرى گۈزەللىكىنى يارقىن، پاساھەتلىك خەلق تىلى بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ، بىزگە بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەنىمۇ تونۇتتى.

ئۇ، كەمتەر، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، كۆكسى ـ قارنى دەريادەك كەڭ، باللاردەك سەبىي، « ئاتا » دەك مېھرىبان ئىدى.

ئۇ، مۇتەپەككۇر يازغۇچى سۈپىتىدە ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى يورۇتۇپ، ھايات سەپىرىدە چىن ئىنسانىي تەبىئىتىنى نامايەن قىلىپ، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سان ـ ساناقسىز كىشىلەر بىلەن سىردىشىپ، دوستلىشىپ، ئۇنتۇلماس دوستلۇقنىڭ توزۇماس چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ ئارىمىزدىن كەتتى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ نادىر ـ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقىلارغا زور مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلدى. تەھقىقكى، ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى، ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنى، يىللار سىرى ئېشىپ، بۈيۈكلىشىپ بارغۇسى ۋە تەدرىجىي دۇنياغا يۈزلەنگۈسى.

مەن بالىلىق دەۋرىمدە تونۇشقان، بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، ئۇلۇغۋار غايە، يۈكسەك ئارزۇلارنى بويلاپ كۈرەش داۋانلىرىدىن بىرلىكتە ئاشقان، ھاياتنىڭ ئېغىر

سىناقلىرىدا تاۋلىنىپ دوستلاشقان بۇ پىكىرداش، ئۆمۈرلۈك دوستۇمنى ئالىي ھۆرمەت، چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ قالىمەن.

مەن ئۇنىڭ دوستى ھەم زاماندىشى بولغانلىقىمدىن، بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق ئەنە شۇنداق تالانتلىق يازغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

مەرھۇمنىڭ ئىجادىيەت چەشمىسىنىڭ مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتى ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ بوستانلىق ۋە چۆللۈكلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەزىم ئىلى، تارىم دەريالىرىنىڭ سۇلىرىدەك تومۇرلارغا توختىماي ئاقسا، قىممىتى، ئۈستى قار، ئاستى گۈلباغلار بىلەن زىننەتلەنگەن تەڭرىتېغىدەك مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇسى.

ئەلۋىدا دوستۇم، تىنچ يات، ئەۋلادلار سېنى ئەسىرلەر بويى مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى. قەبرەڭدىن توزۇماس گۈل ـ چېچەكلەر ئۈنگۈسى.

1998 ـ يىل 19 ـ ئاۋغۇست

مىجىت ناسىر

بالا چاغلىرىمدا، ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە غۇلجا ناھىيە ئارا دادامتۇ مەھەللىسىدىكى قوغۇنچى تۇغقىنىمىز زايىتىم چوڭ دادامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئويناپ كېلەتتىم. چوڭ دادامنىڭ ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىچى دائىملا ھىلىڭ، ھويلىسى بولسا قوغۇن ھالۋىسى پۇراپ تۇراتتى. شۇڭا، كۈندۈزى ئىلاجى بار ئاشخانىغا كىرمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىلدىكى ماللار مەيلىمنى تارتىپ تۇراتتى. مەن تولاراق ئۈستىخانىلىرى كېلىشكەن چىلان تورۇق ئاتنىڭ ئەتراپىنى ئەگىيتتىم. چۈنكى، ھەر قېتىم چىقسام خۇش چاقچاق، گەپدان چوڭ دادام چىلان تورۇقنى ئالايتەن ئېگەرلەپ، «مېھمان بالا» نى مىندۇرۇپ، نە ـ نەلەرگىچە ئايلاندۇرۇپ كېلەتتى.

بىر يىلى ئارا دادامتۇغا چىقسام، چىلان تورۇق ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە ئورۇقلىغان بولۇپ، بېشىنى چىلە يۇقى يەرگە قويۇپ، ھالسىز ياتاتتى.

مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ يېنىدا چاپچىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان قارامتۇل قۇلۇن بولۇپ، چىلان تورۇق ئۆزىنى ئىسكەپ نېرى كېتەلمەي، ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن جىگەر پارىسىغا، قۇلۇنتايغا تۆۋەندىن قارىغىنىچە كۆزلىرىدىن مۆل ـ مۆل ياش تۆكەتتى. ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا، ئۇنىڭ چاپاق باسقان گۈنسىز كۆزلىرىدىن قىيا تاش ئارىلىقلىرىدىن سىرغىپ ئاققان مەرۋايىت سۇلاردەك ياشلار تىنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى.

ــ ھەي بالا، ھەي بالىنىڭ ئوتى، ــ چوڭ دادام كۆڭلۈمدىكى سەبىيانە تۇيغۇلارنى بىلىۋالغاندەك ئارقامدا تۇرۇپ

سۆزلىدى ، ــ تىلسىز ھايۋان بولسىمۇ ، كۆڭۈل بار ــ دە ! كېسەل بولۇپ قىلىۋىدى ، بالىسىدىن ئەنسىرەپ ئارام تاپالمايۋاتىدۇ بىچارە ، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بالام قانداق قىلار دەيدۇ ــ دە !

شۇنىڭدىن بىرى تالاي يىللار ئۆتتى . مەيلى قەيەردە بولمىسۇن ، خىيالغا ، مۇڭغا چۆككەن ئاتىلارنى ، ئانىلارنى كۆرسەم بىئىختىيار يادىمغا ئاشۇ رەھمەتلىك چىلان تورۇق كېلىدۇ .

1997 ــ يىل نويابىرنىڭ ئاخىرلىرى ، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىز شىئەن ، يەنئەنلەرنى ئايلىنىپ كۆنتەرتىپ بويىچە بېيجىڭغا كەلگەن كۈنىمىز ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆمەك رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىختىيارى ھالدا بازار ئايلىنىپ ، سودا ــ سېتىق قىلدۇق . قىلغۇدەك كۆپ سودام بولمىغاچقا ، گەنجياكۇ ئەتراپىدىكى بازارنى بىر قۇر ئايلىنىپ بالدۇرلا ياتاققا ، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا يېنىپ كەلدىم . ھەمسەپەرلىرىم تېخى بازاردىن قايتمىغانىدى .

ــ 504 ــ ياتاقتا كۆزەينەكلىك بىر ئادەم ھېچنەگە چىقمىدى ، ــ مۇلازىمەتچى قىز سوئالىمغا جاۋابەن ماڭا مەلۇم قىلدى . مەن دەررۇ بەشىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدۈم .

504 ــ ياتاقنىڭ ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى ، ئىشىكنى بىر نەچچە رەت بوش چېكىۋىدىم ، جاۋاب ئاڭلانمىدى . ئاستاغىنا كىرىپ باردىم . چاچلىرى سەل ئۆسۈپ قالغان زوردۇن سابىر ئاكا تۆر كارىۋات يېنىدىكى يۇملاق ئورۇندۇقتا بېشىنى سەل ئېگىپ ياتاقنىڭ بۇلۇڭىغا يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدە تىكىلىپ ئولتۇراتتى . قوشتۇرۇلغان قوللىرىنىڭ ئارىسىدا يەنئەن كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئالدىدىن سېتىۋالغان خەنزۇچە كىتابتىن بىرى تۇراتتى ، قارا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدا مەن تونۇغان پويىزدا چاقچاق ئارىلاش

ياردەملىشىپ تاقاپ قويغان بېغىررەڭ گالستۇكى خېلىلا بوشىتىلغان هالدا ساڭگىلاپ تۇراتتى .

مەن ياتاققا كىرگەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ ، ئەتەي يۆتەلدىم . زوردۇنكام بېشىنى ئېتتىك كۆتۈرۈپ ئادىتى بويىچە سول قولىدا كۆزەينىكىنىڭ گەردىشىنى تۇتتى .

— كەل ، مەهمۇت ، — ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇزايىدىن ماڭا دەرهاللا بىر چاقچاق قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . هەم شۇنداق بولدى ، — هە ، ياماقنى ۋاچىلدىتىپ خەجلەپ بىردەمدىلا تۈگىتىۋەتتىڭمۇ ، نېمە ؟ بالدۇرلا قايتىپ كەپسەنغۇ ؟

— نېمە ئېلىپ ، نېمە قويارىمنى بىلەلمەي ، غىپپىدىلا قېچىپ كەلگەن گەپ دەڭا ، تارانچىنىڭ كۆزى ئويتىۋايغا كىرىپ ئالىچەكمەن بوپكەتتى ئەمەسمۇ ، — زوردۇنكامنى بىر كۈلدۈرۈۋەتتىم - دە ، ياندۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم ، — نېمە ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ، بوشاپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ ؟

— مىجەزمىغۇ بوشراق ، شۇڭلاشقا چەن - چەندا يالغۇز ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىۋاتىمىز - دە ! مۇشۇنداق ئولتۇرغان پېتى پوكلا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالسام بالا - چاقىلار قانداق قىلار دەپ ...

خىيالىمغا دەرهال كىچىك ۋاقتىمدىكى چىلان تورۇق كەلدى . يۈرىكىم سەل ئاغقاندەك بولدى .

— گەپ بار دەپ قىلىۋەرمىسىڭىزا - هەي ! — ئۆزۈمچە « تۇرپانچىسىغا » چاقچاق قىلىپ ، زوردۇنكامنىڭ خىيالىنى چالغىتماقچى بولدۇم . بىراق ، ئۇستازىمنىڭ كۆڭلى سەل مىسكىنلىشىپ قالغانمۇ ، بەلكىم يىراقتا قالغان ئۆي - ۋاقىسىنى سېغىنىپ قالدىمۇ ، يەنىلا شۇ تېمىدىن گەپ ئاچتى :

— راست دەيمەن ئۇكا ، مۇڭلانغانىڭ ئۆزىمۇ بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىبادەتمىش . باياتىن ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ پۈتۈن دۇنيانى بىر ئايلىنىپ چىقتىم . ئىنسان ھەممە نېمىگە كۆنۈشى ، ھەممە ئىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى كېرەك . مانا بىزلەر ئەزرائىل قاچان كېلىپ جېنىڭنى ئالىمەن دېسە ، تەييار دېسىنا ! كەينىدىن بويۇن ئېگىپ كېتىۋېرىمىز ، ھىم .. !

ئۇ « ھىم » دېگەندە كۈلەتتى ، لېكىن بۇ قېتىمقى كۈلكىسى مېنىڭ يۈرىكىمنى تېخىمۇ جىغىلدىتىۋەتتى .

— قويۇڭا زوردۇنكا ، سىز تېخى ئۇزاق ــ ئۇزاق ياشايسىز ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازىسىز ، بىز سىزدىن شۇنى تىلەيمىز .

ھەرقانداق پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىمۇ ئاددىي ، قارا پايىم سۆز بىلەن ، ھەركىمگە چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلىيەلەيدىغان بۇ داڭلىق يازغۇچىنىڭ ھايات ، قېرىلىق ، ئۆلۈم ھەققىدىكى مەردانە سۆزلىرى شۇ تاپتا 504 ــ ياتاقتا ئولتۇرغان مېنى ئاجايىپ تۇيغۇلارغا بۆلۈۋەتتى . ئۇنىڭ ئادەم ئاڭلىسا ــ ئاڭلىسا قانمايدىغان سۆزلىرىنى ساپ ھاۋانى كۆپرەك سۈمۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئادەمدەك ، ھالاقىتسىز ، ئەستايىدىل تىڭشاپ ئولتۇرغان مېنىڭ كاللامدا « ئۆلۈم توغرىسىدا مۇشۇنداق پاراڭ قىلالايدىغان ئادەملەر قانچىلىك باردۇر ؟ ! » دېگەن خىيال جاراڭلىدى .

## 1

ئويلاپ باقسام ، زوردۇن سابىر ئاكىنى تونۇغىنىمغا ، بىللە سۆھبەتداش ، ئەسرار بولۇپ يۈرگىنىمگە 34 يىل بوپتۇ . مۇشۇ 34 يىلنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىسام ، زوردۇنكام مېنىڭ مەكتەپتىكى ۋە يېزىقچىلىقتىكى قوش ئۇستازىم بولىدۇ .

ئەزەلدىن ، تاكى مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقۇچە ، بۇنىڭدىن پەخىرلەنگۈم كېلىدۇ .

1964 ـ يىلى ، مەن غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ( سابىق ھۆسەيىنىيە مەكتىپى ) تولۇقسىز 2 ـ يىللىق سىنىپىدا ئوقۇيتتىم . بىر كۈنى مەكتەپ ئىلمىي مودىرى تۇرسۇن سابىت سىنىپىمىزغا ناتونۇش بىر كىشىنى باشلاپ كىردى . بۇداقى سائەت ئەدەبىيات دەرسى ئىدى .

ـــ مانا بۇياق ئەمدى سىلەرنىڭ يېڭى ئەدەبىيات مۇئەللىمىڭلار ، ئىسمى زوردۇن ، ئەسلى ئىلىلىق ، لەنجۇ مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان ، ھازىر بىزگە يۆتكىلىپ كەلدى .

مودىر سۆزلەۋاتقاندا ، ھەممىمىز قىزىقىش ۋە ئەيمىنىش بىلەن كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ، بۇغداي ئۆڭ ، ئوتتۇرا بوي كەلگەن ئادەمگە ، « يېڭى كەلداخۇن » غا سەپسالدۇق . مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەل يۇمۇرلۇق ، مۇلايىم تەبەسسۇمنى دەرھال بايقىدىم . كۆڭلۈمگە ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيدىغان خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئورنىدى .

بىزنىڭ سىنىپ بولسا ، مەكتەپ بويىچە خېلى داڭلىق چاتاقچى سىنىپ بولىدىغان . مەن ـ مەن دېگەن خېلى ـ خېلى ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ سىنىپتىن قاقشاپ چىقىپ كېتەتتى . بىر نەچچە ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسنى يېرىم يولدا تاشلاپ ، يىغلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا . گەرچە مەن شۇ چاغلاردا سىنىپنىڭ ياۋاشلىرىدىن ھېسابلانساممۇ ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تالاي قېتىم شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ ، ئۆزۈمنىمۇ ئەيىبكاردەك سېزىپ ، خۇرسىندىم .

دېمەكچى بولغىنىم ، يېڭى ئوقۇتقۇچىمىز زوردۇن سابىرمۇ دەسلەپكى چاغلاردا خېلى قاتتىق « سىناق » قا دۇچ كەلگەنىدى . ئارقا پارتىلاردا ئولتۇرىدىغان يېشى چوڭراق بىرنەچچە قۇسۇرچى زوردۇنىكامدىن ( قىيايەت ، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ) ئىبۆەن

تاپماقچى بولاتتى. ناھايىتى تېزلا مەندە يېڭى مۇئەللىمگە ھېسسىداشلىق، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئىلىش تۇيغۇسى ئويغاندى. كىچىككىمدىن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىگە بەكرەك قىزىقىدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن، زوردۇنكامنىڭ بىر سائەتلىك دەرسىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭغا مايىل بولغانىدىم. زوردۇنكام دەرسىنى دەبدەبىسىز، قىزىقارلىق، تەبىئىي ئۆتەتتى. ئاددىي بىر تېمىنى دوسكىغا يېزىپ قويۇپ، شۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانسېرى مەندە «بۇ مۇئەللىم بىز كۆرۈپ يۈرگەن ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن، بىلىمى بەك مول، ھەقىقەتەن جېنى بار ئادەم ئىكەن» دېگەن ھېسسىيات ئويغاندى ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېڭى ئوقۇتقۇچۇمنى چىن دىلىمدىن ياقتۇرۇپ، ئېچىكىپ كەتتىم. يادىمدىن چىقمايدۇ، ھەرقېتىم دەرس جەدۋىلىگە كۆز يۈگۈرتكىنىمدە «تىل ـ ئەدەبىيات» دېگەن خەتلەرنى كۆرسەم، كۆڭلۈمدە بىر يەڭگىللىك، خۇشاللىق پەيدا بولاتتى. چۈنكى، مەن زوردۇن مۇئەللىمنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك، قىزىقارلىق دەرسىنى، يەنە بىر سائەت ئاڭلايتتىم. خۇددى مۇزىكا تىڭشىغاندەك راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ تىڭشايتتىم. سىنىپىمىزدىكى نۇرغۇن ساۋاقداشلارمۇ مەن ئېيتقان شۇ سۆزلەرنى قىلىشاتتى. باشقا دەرسلەردە توشماي كەتكەن ۋاقىت زوردۇنكامنىڭ دەرسىدە بىزگە بىردەمدىلا توشۇپ كەتكەندەك سىزىلەتتى ۋە تازا قىزىق يېرىدە ئۈزۈلگەن گەپكە قىيالماي باباراۋەر ھالدا «ھەييى! ...» دەپ ۋارقىرايتتۇق، بۇنداق چاغلاردا زوردۇن مۇئەللىم مىيىقىدا كۈلگىنىچە بىشىنى لىڭشىتىپ، ئالقىنىنى تۆۋەنگە باساتتى. بۇ ئۇنىڭ «بولدى قىلىڭلار، داۋامىنى كېلەر سائەتتە سۆزلەپ

بىرىمەن » دېگىنى ئىدى . بىر قېتىم ئەدەبىيات دەرسىدە سىنىپقا تۇساتتىن زوردۇنكامنىڭ ئورنىغا بۆلەك بىر ئەدەبىيات مۇئەللىمى كىرىپ كەلدى . ئۇقساق ، زوردۇنكام بىر مۇھىم يىغىنغا كېتىپ قالغاچقا ، بۇ بىر سائەتلىك ئەدەبىيات دەرسىنى ئۇ ئۆتۈپ قويىدىكەن . « باللىق ـ چاللىق » دېگەن بىكار گەپ ئەمەس ـ تە ! بىز دەرھال ئەپسۇسىمىزنى ئىپادىلەپ « ھەيىي ... ! » دەپ ۋاقىرىشىپتىمىز ۋە ھېلىقى مۇئەللىمنى رەنجىتىپ قويغىنىمىزنى زادىلا ئويلاشماپتىمىز . كېيىن بۇ ئىش تۆپەيلى سىنىپ تەربىيىچىمىزدىن تىل ئىشىتتۇق .

باللىق ھەققىدە ھېلىلا گەپ قىلدىمغۇ ، سىنىپىمىزدا ئاتىقى چىققان كەپسىزدىن بىرنەچچىسى بولىدىغان ، گاھىدا ئۇلارنىڭ سىپىگە بىزمۇ قوشۇلۇپ قالاتتۇق ۋە نۆۋىتىدە زوردۇنكامنىمۇ رەنجىتىپ قوياتتۇق ، قۇلاق تۈۋىمدە ئۇنىڭ پات ـ پاتلا ئاچچىقتىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ ، چاقناق كۆزلىرىنى ھەر بىر كەپسىزگە نۆۋەت بىلەن تىككىنىچە يېرىم چاقچاق ، يېرىم پوپوزا ئاھاڭدا :

ــــ جىم ، تويلاڭچىلار ، باندىتلار ! ــــ دەپ تووۋلىغىنى ھېلىغىچە جاراڭلاپ تۇرىدۇ .

تالاي يىللاردىن كېيىن ئاللىقاچان بالا ـ چاقىلىق بولۇپ كېتىشكەن بىرنەچچە ساۋاقداشلار مەلۇم سورۇندا جەم بولۇشۇپ قېلىپ ، ئىختىيارسىز كونا ئۇستازلىرىمىزنى ئەسلەشتۇق ۋە ئەلۋەتتە ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە بىزنى تىللايدىغان ئىبارىلىرىنىمۇ ئۇنتۇمىدۇق . شۇ چاغدا ئارىمىزدىكى بىر ئايال ساۋاقدىشىمىز :

ــــ ھەممىدىن زوردۇنكامنىڭ بىزنى چۆچۈتۈپ دەيدىغان سۆزى يېقىملىق ئىدى ، چۈنكى ئۇ بىزنى چىن دىلىدىن تىللىماتتى ، ــــ دېدى .

شۇنداق ، تاكى كېيىنكى كۈنلەردىمۇ زوردۇنكامنىڭ ئاغزىدىن ، ھەتتا ئۇ ئاچچىق ، غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن چاغلاردىمۇ چەكتىن ئاشقان بىرەر سەت تىل ياكى ھاقارەتلىك سۆزنى ئاڭلىغىنىم يوق . بۇنداق چاغلاردا ئۇ بەك ئېشىپ كەتسە :

— چوشقا ! ، — دەپ قوياتتى .

ئەسلەپ باقسام ، مېنىڭ يېزىقچىلىق ھەۋەسىمگە ۋە دەسلەپكى مەشىقلىرىمگە ئۇستازىم زوردۇن سابىر مەكتەپ ھاياتىمدىلا خېلى كۈچلۈك تۈرتكە بوپتۇ . ئەلۋەتتە ، مېنىڭ تۇنجى شېئىرىمنى ۋە مەكتەپ ھاياتىدىن خەۋەر ـ ماقالىلەرنى باشلاپ يېزىشىمغا تولۇقسىز 1 ـ يىللىقتىكى سىنىپ تەربىيىچىم ۋە ئەدەبىيات مۇئەللىمىم زەينەپ خىزىر سەۋەبچى بولغان . كېيىنچە شائىر مەسۇم باستىمۇ ( زوردۇنكامدىن سەل ئىلگىرىرەك ) بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بەرگەندى . مەسۇمكامنىڭ دەرسىنى بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ياقتۇراتتۇقكى ، ئۇ پات ـ پاتلا كىتابتىكى دەرس تېمىسىنى دوسكىغا يوغان قىلىپ يېزىپ قويۇپ ئاندىن « ئالدار كوسا بىلەن پادىشاھ » ، « ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا » ، « ھەييار تاز » دېگەندەك چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى . گاھىدا مەسۇمكام سىنىپقا كىرىپلا ، يوغان قىزىل ژۇرنالنى ئۇستەلگە قويغاچ ، كۆزلىرى بىلەن مېنى ئىزدەپ تېپىپ ، كۈلۈمسىرىگىنىچە :

— مەھمۇت ، بۈگۈن گېزىتكە شېئىرىڭ ( ياكى ماقالەڭ ) چىقتى ، پوچىلىق قىلما جۇمۇ ! ، — دەيتتى .

زوردۇنكام بولسا سىنچى كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئالاھىدە دىققەت قىلدى . بىرنەچچە قېتىملىق تاپشۇرۇقىمنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بىرىنچى گېپى :

— شېئىر يېزىشنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى ھېكايىنىمۇ ، — دېگەندىن ئىبارەت بولغانىدى . مەن دەماللىققا نېمە

دېيىشىمنى بىلەلمەي ، ئۇيالغىنىمچە يەرگە قاراپ قالدىم . ئوقۇغۇچىلار ئوكايسىزلىقتىن يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزى قۇتقۇزدى .

— قوشاقتىن باشلا ، قوشاقتىن . مەنمۇ سەندەرەك ۋاقتىمدا قوشاقتىن باشلىغان ، — دېدى .

زوردۇنكام ھەرقانداق ۋاقىتتا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۇرغۇ بىلەن كۆتۈرەتتى ۋە بۇ ئۇرغۇ ئۇنىڭ گېپىگە يۇمۇرلۇق تەم كىرگۈزەتتى . ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئۆزگەرمىدى . ئۇ ئەڭ ئادەتتىكى سۆزلەرنىمۇ قىزىق ، جانلىق بىر تۇستە قىلىشنى بىلەتتى .

بىزنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىسا كېرەك ، زوردۇنكام پات - پاتلا بىزگە تېما بەلگىلەپ ، ئىنشا يازدۇراتتى . تولاراق ئۆزى ئاۋۋال بىرەر قىزىقارلىق ھېكايە ياكى ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرەتتى - دە ، ئۇنى مەلۇم شەكىلدە يېزىپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى . كېيىن ئىنشا دەپتىرىمىزنى يىغىۋېلىپ ، ئەستايىدىل ، بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ ، تۈزىتىپ چىقاتتى . كېلەركى دەرستە شۇ ئىنشالاردىن بىرەر - ئىككىسىنى تاللىۋېلىپ ، باشقا دەپتەرلەرنى تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن ، تاللىۋالغان ئىنشالارنى ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتۇپ ، ئاندىن ئۆزى تەھلىل قىلىپ بېرەتتى . ماختايتتى ، رىغبەتلەندۈرەتتى . بۇنداق تەلەپكە كۆپرەك نائىل بولۇپ قالىدىغىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە .

بىر قېتىم دەرستە تاۋجۇنىڭ « سوۋادانىڭ خىسلىتى » دېگەن نەسرىنى ئۆتتۇق . ئۇ چاغلاردا نەسىر دېگەن ئاتالغۇ ، ژانىر بىزگە تېخى ناتونۇش ، « سەنۋېن » دېگەن نامىمۇ تېخى كىتابىقا كىرگۈزۈلمىگەن . زوردۇنكام دەرس سۆزلىگەندە بۇ ئەسەرنى « سەنۋېن » دەپ ئىپادىلىدى . كېلەركى سائەتتە ئۇ بىزگە ئالدىنقى دەرسكە ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىي يېزىقچىلىق مەشقى

www.uyghurkitap.com

قىلدۇردى ۋە قاش دەرياسى توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە گۈزەل بىر تارىخىي رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى. كېيىن بىز ئۇ سائەت دەرستىلا مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگىنى بويىچە، ھەربىرىمىز ئۆز كاللىمىز بويىچە قاش دەرياسى توغرىسىدا سەنئۇبىن يازدۇق. ماڭا زوردۇنكامنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئاجايىپ تەسىر قىلغانىدى. سەۋەبىي قەلبىمدە ئاللىقانداق ھاياجانلىق تۇيغۇلار مەۋج ئۇراتتى ۋە مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغىنىمچە خاتا قەلەم تۇتۇش ئادىتىم بىلەن قەلىمىمنى بوغۇزىدىن سىقىمداپ تۇتۇۋېلىپ، سىنىپىمىزنى ئۇنتۇپ يېزىپ كەتتىم. زوردۇنكام ئاللىقانداق بىر ئاھاڭغا ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس، دىمىمىغىدا غىڭشىغىنىچە پارتىلار ئارىلىقىدا قول قوشتۇرۇپ مېڭىپ يۈرەتتى.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات دەرسىدە زوردۇنكام بىر دەستە دەپتەرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە كەيپى خۇش ھالەتتە ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. قولىدىكىنى ئۈستەل تۆپىسىگە قويماي تۇرۇپلا:

— ئىچىڭلاردىن يازغۇچى چىقىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ!، — دېدى.

نېمىشقىدۇر ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ماڭا قاراشتى. يۈرىكىم ئەنسىز بىر دۈك ئەتتى. بىراق، كاللامدا باشقا خىيال يوق ئىدى.

— مەھمۇت، ئورنۇڭدىن تۇرە!، — زوردۇنكام دەستىلەكلىك دەپتەرلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىرىنى ئېلىپ، كۆزلىرىگە يېقىن ئەپكېلىپ ۋاراقلىغاچ سۆزلىدى. بىرەر ئەيىب ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قورۇنۇپ پارتامنىڭ بەلدىمىنى غىچىرلىتىپ قايرىپ ئۆرە تۇردۇم.

— ساۋاقداشلار، مەھمۇت ئۆزىنىڭ يازغان ئىنشاسىنى

ئوقۇپ بەرسۇن ھە، جىم تىڭشاڭلار، ــــ زوردۇنكام يېنىمغا كېلىپ ئېچىلغان دەپتەرنى ماڭا ئۇزاتتى. ئىنشا دەپتىرىمنى ئېلىپ، تورلاشقان كۆزلىرىمدە قارىدىم. ئىككى يېرىم بەتلىك تاپشۇرۇقنىڭ ئاز دېگەندە ئون نەچچە يېرى قىزىل سىياھ بىلەن تۈزىتىلگەن، ئاخىرىدا بولسا يوغان قىلىپ «ھىم، خېلىلا بولىدىكەن!» دەپ يېزىلغانىدى. كۆزۈم سەلدىن كېيىن دەپتەرنىڭ مىخلىنىدىغان يېرىگە يانتۇ قىلىپ يېزىلغان سەل ئۇششاق، تونۇش خەتلەرگە چۈشتى: «خەتنى چىرايلىقراق يازساڭ!»

مەن تىترىگەن ئاۋازىم بىلەن ئۆزۈم يازغان «ئېھ، ئانىجان قاش دەرياسى» ناملىق سەنۇبىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ساۋاقداشلار كەم كۆرۈلىدىغان بىر جىملىقتا ئوقۇغىنىمنى تىڭشاۋاتاتتى. بۇ ھال مېنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتتى، زوردۇنكام بۇ مەشىقىمگە ئەڭ ئالىي نومۇر، 98 قويغانىدى. بۇ مۇشۇ كەمگىچە مەن تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە ئالغان ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئىدى، يەنى، زوردۇنكام دەرسكە كىرگەندىن بۇيان دەۋاتىمەن.

كېيىن زوردۇنكام مېنى كۆيۈمچانلىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز ماختىدى، ئەلۋەتتە، يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىمنىمۇ كۆرسەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ كەمچىلىكلىرىمنى كۆرسەتكەن، مەسلىھەت بەرگەن گەپلەرمۇ قۇلىقىمغا شۇنچىلىك يېقىملىق، راھەتبەخش بولۇپ ئاڭلاندى.

قەدىرلىك ئۇستازىمدىن ئايرىلغان شۇ كۈنلەردە ئەس ـ يادىمنى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك، ئەزىز ئوبرازى توختاۋسىز ئەسىر قىلىپ، قەلبىمدە قايناق پىكىرلەر، قىممەتلىك ئەسلىملەر، مۇڭلۇق تۇيغۇلار ۋاژىلداپ قايناپلا تۇرماقتا. ئاشۇ قارا كۈن، 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خەتەرلىك، ياراشماس كۈندىن ئېتىبارەن قەلەمنى تالاي قېتىم

قولۇمغا ئېلىپ، تالاي قېتىم جايىغا قويدۇم. تاماملانمىغان ئۆزۈم قانائەتلەنمەي ۋە شۇنچىلىكلا يېزىپ تاماملاشقا رايىم، مەيلىم بارمىغان مەرسىيەم «كەلمىدۇق ئالەمگە، سىز كەلگەن سىياق» مۇ چالا پېتىچە يېزىق ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىدا بويىنىنى قىسىپ يېتىپتۇ. شۇ كەمگىچە تالاي مەرھۇم ئەدىبلىرىمىز، زاتلىرىمىز ھەققىدە مەرسىيەلەر يېزىپ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان، خاتىرىلەش يىغىنلىرىدا ئوقۇغانىدىم. سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىم، قەدىردان ئۇستازىم ھەققىدە شۇنداق قىلالماسمىدىم؟ ياق، قىلالايتتىم، ئونلاپ قىلالايتتىم. ئۆتكەندە بىر ژۇرنالدىن ئوقۇسام بىر يازغۇچى مۇخبىر بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە ئۆزىنىڭ شۇ كەمگىچە بىرەر مەرھۇم ئەدىبكە بېغىشلاپ مەرسىيە يازمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ماختانغاندەك قىپتۇ. مېنىڭچە يەنىلا يېزىش كېرەك. بىز بۇ ئالەمگە كۆڭلىمىزدىكىنى دېيىش ئۈچۈن، مۇھەببەت، نەپرىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن. شائىرلىق ئەمەس، ئاۋۋالەن ئادەمىي ھېسسىيات بىزنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. باشقىلارنى تىللىيالىغان ئادەم ياخشىلارنى ماختىسا بولمامدىكەن؟! زوردۇنكامغا كەلسەم، ئەھۋال بۆلەكچە، مەن بۇ زات ھەققىدە كۆپرەك، يىرىكرەك نەرسە يېزىشقا ئۆزۈمنى قەرزدار ھېس قىلىمەن. بارغانسېرى شۇ ھېسسىياتىم كۈچەيمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تولا، يىغىنچاقلىسام، ئۇنىڭ ئىسمى، ئوبرازى، ئۇستازلىق مېھرىبانلىقى ۋە مۇھەببىتى قەلبىمدە شۇنچە تىرەن ئورۇن ئالغانلىقىدىندۇر.

ئالدىرىماي سۆزلەيمەن، بىر باشتىن سۆزلەيمەن.

# 2

زوردۇن سابىر ئاكا ۋاپات بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر مەندىن « زوردۇن سابىر ھەققىدە ئەسلىمە يازدىڭىزمۇ ؟» دەپ سورىدى . شۇلارنىڭ بىرى ، يېڭىلا « سەپەر » ناملىق رومانى نەشىردىن چىققان يازغۇچى ئاكىمىز تۇرسۇن لېتىپ . ئۇنىڭ « ئەلشۇدا ، سىرداش دوستۇم » ناملىق ئەسلىمىسىنى كىتابخانىلار « « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن ئوقۇغان بولسا كېرەك .

— زوردۇن ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىۋاتقانسىز ئۇكاممە ؟ ، رەھمەتلىك ، ھېلى ياخشى كۆرمىسۇن ، سىزنى ئاجايىپ ياخشى كۆرەتتى . ئۈرۈمچىگە بارساملا ، ئالدىدا سىزنى سورايتتى ، غۇلجىغا كەلگىنىدىمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلاتتى . يېزىك جۇمۇ ، سىز يازىسىز ، ئەمما كەڭرەك يېزىڭ ، زوردۇننىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە بارغان چاغدىكى ، گېرمانىيىگە بارغان چاغدىكى ئىشلىرىنى جەزمەن قوشۇپ يېزىڭ ، چەت ئەللىك تەرجىمان قىزنىڭ « سىز ئاجايىپ تالانتلىق يازغۇچى ئىكەنسىز ، بىراق بۈگۈنكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىملار ئىچىدە پەقەت سىزلا ئىنگلىزچىنى بىلمەيدىكەنسىز » دېگەن سۆزىگە نىسبەتەن دەرھال « بۇدا قېتىم كەلگىنىمدە بۇ كەمچىلىكىمنى جەزمەن تۈگىتىپ كېلىمەن » دەپ ۋەدە بەرگىنىنى ئاڭلىغانمۇسىز ؟ شۇ گەپتىن كېيىن رەھمەتلىك ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ، بىر مەزگىل تازا ئىجتىھات بىلەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتمىدىمۇ !

زوردۇن ئاكىنىڭ « باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر » ناملىق كىتابىدىن ئۆزى ھەققىدە يازغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوقۇپ

www.uyghurkitap.com

بىلگەنمەن ، بىراق ئۇ ئۆزى يازمىغان ، ھېچكىمگە دېمىگەن ، باشقىلارمۇ بىلمەيدىغان ئۇ ھەققىدە ئىشلار ، ئەسلىمىلەرنى بىلىمەن ، شۇلار ھەققىدە يازىمەن ، يېزىشىم كېرەك .

— زوردۇنكام ھەققىدە مەرسىيە يازغانسىز ؟ يېزىڭ ، ئىشىنىمەن ، سىز ياخشى يېزىۋېتىسىز . رەھمەتلىك ھەر قېتىم غۇلجىغا كەلسىلا ، تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن زامات سىزنى سورايتتى ، تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئېنىقلاپ ، يېزىۋالاتتى . بىر يەرلەردە ئولتۇرماقچى بولساق ، دەرھال « مەھمۇتنى چاقىرسىنا ! » دەيتتى ...

مانا بۇ شائىر ئابدۇساتتار ناسىرنىڭ سۆزى . مەن ئەزەلدىن يازماقچى بولغان نەرسىلىرىم ھەققىدە باشقىلارغا ، سورىغانلارغا ئالدىن ئېيتىپ بېرىۋېرىدىغان ئادەم . لېكىن ، بۇ ئىشقا كەلگەندە ھېچكىمگە ئېنىق بىر نېمە دېمىدىم ، « ئەلۋەتتە يازىمەن » لا دېدىم ، خالاس . سەۋەبى ، كۆڭلۈمدە ئۇستازىم ھەققىدىكى پۈتكۈل يازمىنىڭ تېمىسى ، دائىرىسى ، ھەجمى ، خۇلاسە ، بارلىق تەرتىپى مۇنبەت تۇپراققا كۆمۈلگەن ئەتىۋارلىق ئۇرۇقتەك ئاستا ـ ئاستا ، بىردىن ـ بىردىن يورۇپ ، تولۇقلىنىپ كېتىۋاتاتتى . نىھايەت ، توساتتىن ، خەيرلىك بىر سەھەردە ، تەسىراتلار گۈلخانى يېلىنجاۋاتقان كاللامدا ، ئاخىر ئۆزۈم ئىزدىگەن ، كۈتكەن چىرايلىق بىر ماۋزۇ مەزمۇنى ، دائىرىسى ، چوڭقۇرلۇقى بىلەن لاپ ئېتىپ يورۇدى :

« قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر » .

مەن ھاياجان بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم ...

ئىزغىرىن شامال بىلەن باشلانغان ھېلىقى « مىسلىسىز مەدەنىيەت ئىنقىلابى » ئاپەتلىك قۇيۇنغا ئايلانغان مەزگىلدە مەن تېخى ئون تۆت ـ ئون بەشكە قەدەم باسقان بالا ئىدىم .

تۇگمەنىنىڭ نورىدىن بىر سىيرىلىپ قايىنامدىن ئەندىكىپ چىققىنىمىزدا جاھان بۆلەكچە تۈسكە كىرىپ بولغان ، رەھمەتلىك زوردۇنىكامىمۇ « كونا ـ يېڭى جىنايەت » لىرىنىڭ شەرىپى بىلەن « قارا يىپ » بوپقالغانىدى . مەكتىپىمىزگە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى كىرىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ ، « ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن رەھبەرلەر كومىتېتى » تەسىس قىلىنغانىدى . ھە دېگەندە چوڭ خەتلىك گېزىت ئۇرۇشى باشلىنىپ ئاخىر ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈش بىلەن ئەۋجىگە چىققان « مىسلىسىز زور ئىنقىلاب » كېيىنكى كۈنلەردە يەكۈنلەنگەندەك دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا ياغقان بالايىئاپەت بولغانىدى . بىراق ، ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئەمەس ، ئويلاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى . « ئويلاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى » دېگەن سۆز بەلكىم ياش كىتابخانلارغا گويا ھېسام چاقچاقلىرىدەك قىزىق تۇيۇلار ، لېكىن ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت ، دەۋىر ۋە ئادەملەر ھازىرقىدىن ئاسمان ـ زېمىن دېگۈدەك پەرقلىق ئىدى . يەنى ، ۋەزىيەت قىلىچتەك ئىتتىك ، دەۋر ئۆزگىرىشچان ، سۇنئىي ، ئادەملەر بولسا ساددا ، ئادەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغۇدەك دەرىجىدە ئىخلاسمەن ساددا ئىدى . بىز شۇنداق بىر جاھانلارنى باشتىن كەچۈرگەندۇق .

خەيرىيەت ، تېمىدىن بەك يىراقلاپ كەتمەي ! غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئاتىلىدىغان داشقازاننىڭ بىر بۇرجىكىدە قاينىماقتا ئىدى . مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ گىرىمسەن ، ئۇزۇن زاللىرىدا شىلدىرلاپ تۇرغان دازىباۋلار ئارىسىدا زوردۇنكامنىڭ لەنجۇدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغدىكى « كونا جىنايەت » لىرى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنكى « يېڭى جىنايەت » لىرى

توغرىسىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرمۇ بار ئىدى ۋە بۇ گېزىتلەرنىڭ ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭىلىرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى . ئۆزى بىلەن بىر سەپتە ، بىر كەسىپتە ، ھەتتا بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋاتقان كەسىپداش ، خىزمەتداشلىرى ، ھەتتا ئۆزلىرىنى خىلىلا توختاتقان ، يېزىقچىلىقتا ئۇبدانلا ئاتىقى چىققان دوست ـ بۇرادەر ، ئۇلپەتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ گېزىتلەردە دېيىلگەن گەپ ، سۆزلەنگەن پاكىت ، كىيدۈرۈلگەن قالپاقلار ئوقۇغان ئادەملەرنى ، بولۇپمۇ بىزدەك ھېچنىمە كۆرمىگەن بۆۋەكلەرنى ھەيرەتكە سېلىپ ، كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتىۋەتتى . نېمشقىدۇر شۇنداق بولغانسېرى ، بىلىكىگە « قارا يېپ » لىق بەلگىسى تاقاپ مەكتەپ ئىچىدە ئۆزىگە ئوخشاش « قارا يىپ » لار بىلەن بىرلىكتە ئۇدۇل كەلگەن ئېغىر ئەمگەكنى قىلىپ ، بىر مەھەل قارا تاشتەك زۇۋانسىز يۈرگەن زوردۇنكامنىڭ ئىسمى ، ھۆرمىتى سەبىي يۈرەكلىرىمىزدە مىختەك ئورنىشىپ ، توختاۋسىز يۇقىرىلاپ باراتتى .

مەكتىپىمىزنىڭ شەھەرگە ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئاقئۆستەڭ بويىدا تېرىلغۇ مەيدانى بولۇپ ، يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم كوللېكتىپ ئەمگەككە چىقاتتۇق . « مەكتەپنىڭ جاڭزىسىغا ئەمگەككە چىقىدىكەنمىز » دېسە ، دائىم سىنىپىمىزدا بايرام بولاتتى . چۈنكى ، قايناق كوللېكتىپ ھايات ، چوڭ قازاندىن بىرلىكتە تاماق يېيىش ، سۇغا چۈمۈلۈش ، قوغلىشىپ يىراق ـ يىراقلارغا چېپىپ كېتىش ، ئاخشىمى مۇئەللىملەرنى تولا « ھاي » دېگۈزۈپ تۈن نىسپىگىچە چۆچەك ، لەتىپە سۆزلەپ ، پىخىلداپ كۈلۈشۈش ... لەر بالىلىقنىڭ غەنىيمەت شادلىقى ۋە مەكتەپ ھاياتىنىڭ ئەۋزەللىكى ئىدى . ئالدىنقى يىلى زوردۇنكام تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز سۈپىتىدە جاڭزىغا بىز

بىلەن بىللە چىققان، ئەتراپىغا ھەسەل ھەرىلىرىدەك ئولىشىۋالدىغان بىزلەرگە ئاجايىپ مەنىلىك، بىرسى بىرسىدىن يېڭى ھېكايىلەرنى، ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرىنى، ئۆزىنىڭ باللىق ھاياتىنى سۆزلەپ بەرگەن، تۈگىمەس سوئاللىرىمىزغا گاھىدا پۈتۈن ئاچچىقى بىلەن «توختاپ تۇرۇشامسەن، ۋاھ!» دەپ ۋارقىراپ قويۇپ، ئارقىدىنلا يۇمۇرلۇق، تارانچى شېۋىسىگە توشۇق پاراڭلىرى بىلەن ھەربىرىمىزنىڭ سوئالىنى قانائەتلەندۈرگەنىدى. بۇ يىلقى ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمىدى. مەكتەپ مۇدىرى باشچىلىقىدىكى يىگىرمىگە يېقىن «قارا يىپ» قاپىقى يامان نازارەتچىلەرنىڭ كۆزىتىشىدە بىزدىن خېلىلا يىراق ئارىلىقتا ئەمگەك قىلماقتا، گاھىلىرى كەتمەننى غۇلاچلىتىپ يەر تۈزلىمەكتە، گاھىلىرى زەمبىلدە توپا توشۇماقتا ئىدى. مەن تىنىمسىز ھالدا يىراقتىن توپا ئۇسۇلغان زەمبىلنى ھارماس چۈمۈلىلەردەك توختاۋسىز كۆتۈرۈپ، موكىدەك قاتناۋاتقان زوردۇنكامغا قەلبىمدىكى ھېسسىداشلىقىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پات ـ پات قاراپ قوياتتىم. دەرۋەقە، بىزنىڭ بۇ يىلقى ئەمگىكىمىز ئالدىنقى يىللاردىكىدەك كۆڭۈللۈك، يەڭگىل بولغىنى يوق. ھەممەيلەن بۇنى كۆڭلىدە چۈشىنىپ، ئويلاپ تۇراتتى، ھېچكىم ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى.

بىر نەرسە قەلبىمنى ھازىرغىچە ئېزىدۇ. شۇ چاغلاردا جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئادەملەر دۈمبە ۋە يەڭلىرىگە «قارايىپ»، «گېزەندە» دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان لاتىلارنى مەجبۇري تاقاپ، ئۆز ئىقتىدارلىرى، ئەمگەكلىرى ۋە ساداقەتمەنلىكلىرىنىڭ «جازا» سىنى تارتىپ، ئېغىر روھىي ئازاب ئىچىدە ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ نەچچە يىللارنى ئۆتكۈزگەنىدى. شۇنداق قارا كۈنلەر يېنىپ بېشىمىزغا قايتا كەلمىگەي، ئىلاھىم!

بولۇپمۇ گۈدەك قەلبىمگە ئۆزۈم ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئەيمىنىدىغان ، تاغ ساناپ يۈرىدىغان ئۇستازلىرىمنىڭ شۇنداق ئېغىر دەردلەر بىلەن كۆز ئالدىمدا مۈكچىيىپ ، پۈچىلىنىپ يۈرگەنلىكلىرى ئاجايىپ ئېغىر تەسىر قىلغان ، مۇڭ بېغىشلىغانىدى . مەكتەپ ئىچىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ، روھى چۈشكەن ئاشۇ ئادەملەرنى ھەرقېتىم نېرى - بېرىدىن ئازاب ئىچىدە كۆزىتىپ ، يۈرىكىم ئېزىلەتتى . ئەمگەك ئارىلىقىدا چېچىنى ئاق باسقان ، چىرايىنى غەم چۈلغىغان بىرنەچچە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاچچىق تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چەككەنلىرىچە بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىمۇ سىلىنىشىماي ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا قاداپ تەگسىز خىياللارغا چۆككەنلىرىنى بىر ئەمەس بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم . يادىمدا ، ھەرقېتىم شۇ كۆرۈنۈشكە كۆزۈم چۈشكەندە ، يادىمغا بالىلىق ۋاقتىمدا ئاراداامتۇدىكى چوڭ دادامنىڭ ئېغىلىدا كۆرگەن نىمجان چىلان تورۇق كېلەتتى .

دېگەنبىلەن مەكتىپىمىزدىكى ئاشۇ بىر توپ « گېزەندە » لەر ئارىسىدا تولاراق روھىنى چۈشۈرمەي ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن يۈرىدىغىنى يەنىلا زوردۇنكام ئىدى . ئېيتماقچى ، ئەينى چاغدا ئۇ ئەڭ ياش « گېزەندە » بولىدىغان . كۆپىنچە ھاللاردا مەن تولاراق ئۆزۈم ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان ، قىزىقىدىغان بۇ مۇئەللىمگە دىققىتىمنى ئاغدۇراتتىم ۋە ئۇنىڭ مەيلى زەمبىل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا بولسۇن ، كەتمەن ياكى گۈرجەك بىلەن ئىشلەۋاتقاندا بولسۇن ياكى بولمىسا ئېرىق قىرلىرىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا بولسۇن يېنىدىكىلەرگە قىزىق پاراڭلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم . شۇ نەرسىنى دائىم ئويلايمەن ، زوردۇنكامنى ئەڭ دەسلەپ كۆرگەندىن تارتىپ ، ئەڭ ئاخىرقى يۈز كۆرۈشۈشمىگىچە ئۇنىڭدىكى بىر ئالاھىدىلىك ، يەنى

www.uyghurkitap.com

دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىغانلىقى دائىم دىققىتىمنى تارتاتتى. 90 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولسا كېرەك، بىر قېتىم ئۈرۈمچىدىكى بىر يازغۇچىلار يىغىنىدا زوردۇنكام بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ پات ـ پات ماڭا قىزىق پاراڭلارنى (« هە، گەپ قىسسىنا ماۇت »، « گەقمايدىلىغۇ ئۆكەمەي » دېگەندەك باشلانمىلار بىلەن) قىلىپ قوياتتى. يادىمدا قېلىشىچە، شۇ يىغىن مۇزاكىرىسى ئىدى، بىرنەچچە ئادەم تۈگىمەس ماختىنىشلىرى بىلەن مۇزاكىرىنى « كۆتۈرە » گە ئېلىۋېلىشقانىدى. بىر چاغدا قارىسام زوردۇنكام بېشى بىلەن بارماقلىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ خىرگايى « ئىلى ناخشىسى » نى باشلىغان گەپ. بىردەم ئۈنچىقماي پەيزىگە قۇلاق سالدىم ـ دە، شەيتانلىقىم تۇتۇپ بوش ئاۋازدا « ئېچىلىپ! » دەپ قويدۇم. زوردۇنكام خىرگايىسىنى داۋام ئەتكەن پېتى بېشىنى سەل بۇراپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن بېشىنى ئېغىتىپ ئېگىپ:

— قوشۇلسىنا، هىم! — دېدى.

ئاجايىپ ئادەم ئىدى، هە!

هەش ـ پەش دېگۈچە قۇترىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىككى ـ ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدى. مەن بۇ يەردە، هازىر « هەش ـ پەش دېگۈچە » دېگەن سۆپەتنى ئىشلىتىۋاتىمەن. بىراق، ئەينى زاماندا بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەنسىزلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىچىلىق بىلەن ئۆتكەن هەربىر كۈنىمۇ شۇ كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگۈچىلەرگە سەراتاندىكى چۆل سەپىرىدەك ئۇزاق ۋە مۇشكۈل بىلىنەتتى. دېمەكچى بولغىنىم، ئاشۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدا هەممە ئادەم، جۈملىدىن بىزلەرمۇ تالاي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردۇق، كۆردۇق، ئۆگەندۇق. ئاق ـ قارىنى تونۇپ يەتتۇق، جاهانغا بولغان سوئال ۋە ئۈندەشلىرىمىز كۆپەيدى. بۇ كەملەردە

زوردۇنكام « قارايسىپ ، گىزەندە » دېگەن ئاتاقتىن ، بىلىكىدىكى لاتىدىن ، مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالاس تاپقان بولسىمۇ ، بىراق مەكتەپ ھويلىسى ئىچىدىكى كونا بىر ئېغىز ئۆيدە ئۆز كۈنىنى ئاران ئېلىپ ، جىمجىت يۈرگەن ئاددىي بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى . مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەت گۇرۇپپا دائىرىلىرى ئۇنى ئىزدىمەيتتى . چەكلەپ بېرىلگەن ئازغىنا مائاشىنى ئېلىپ ، ئۆزىگە گەپ قىلغانلارغا گەپ قىلىپ ، داجىپ يۈرگەنلەرگە پەرۋا قىلماي ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى تىنۇشسىز كۆزەتكىنىچە ياشىماقتا ئىدى . مەن بۇ گەپلەرنى ھازىر قىلىۋاتىمەن . لېكىن ئۇنىڭ ئەينى چاغلاردا شۇنداق ياشىغىنىغا ئىشىنىمەن . يەنە ئۇنىڭ قەلبىدە شۇ كەملەردە ئاجايىپ ئوتلۇق ھېسلار ، خىياللار ، تۇيغۇلار ، تەپەككۇرلارنىڭ ۋاژىلداپ قايىنىغانلىقىغا ، ئارزۇ ، ئارمان ـ ئىستەكلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچان يۈرەكتە لاۋۇلداپ يانغىنىغا تېخىمۇ ئىشىنىمەن . ئەدىبنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى « ئىزدىنىش » رومانى ، « كەچكۈز » ، « سادا » قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەممىدە تالاي تېتىملىق ، ئوتلۇق ھېكايىلىرى بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن تاكى 1971 ـ يىلىغىچە ، يەنى زوردۇن سابىرنىڭ تۇنجى ھېكايىسى « ئارغىبەتكە ئۆتكۈچە » ئېلان قىلىنغانغا قەدەر ( بۇ ھېكايە كېيىنچە « شىنجاڭ گېزىتى » دە « تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە » نامى بىلەن بېسىلدى ) ئۇ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە يۇرتى « يېڭىتام » دا تۇرۇپ كەلدى . بىز بىر توپ ساۋاقداشلار ، كىتاب ھەۋەسكارلىرى تاكى يېزىلارغا « زىيالىي ياش » بولۇپ تەقسىملىنىپ كەتكۈچە ، ھەتتا يېزىلاردىن شەھەرگە دەم ئېلىشقا كەلگەن ياكى يېقىن ئارىدىكى كەنت ، مەھەللەرگە يۆتكىلىپ كېلىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئانا

مەكتىپىمىزنى ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزنى ۋە شۇ قىممەتلىك دەۋر ،

كۈنلەر ئۆتكەن جاينى ئىسكەپ ، مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك

دائىملا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يىغىلىشىۋالاتتۇق . بۇ يەردە بىز

ئۆزىمىزنى ئەركىن ـ ئازادە ، كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتۇق ، تېخىچىلا

ئوقۇغۇچىدەك ، ئۆزئارا ساۋاقداشلاردەك سىزىشەتتۇق ، پاراڭلىرىمىز

تۈگىمەيتتى . كەلگۈسىمىزنى نېمە قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقانلىقى

بەلگىسىز ، ھەتتا ئۇ توغرۇلۇق ئويلاش ھەسرەتلىك بولسىمۇ ،

بالىلىق ، ياشلىق چاقچاقلىرى بىلەن بىر ـ بىرىمىزنى ئاۋۇتاتتۇق ،

ئاۋۇندۇراتتۇق . مەن دەۋاتقان بۇ بىر توپ كىتابخۇمار ساۋاقداشلار

يىگىرمىگە يېقىن قىز ـ ئوغۇللار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى

ھازىرمۇ شۇ دەۋردىكى دوستلۇقى ، مىجەزى ۋە ھەۋەسلىرى بىلەن

ياشىماقتا . مەرھۇم ئۇستازىمىز زوردۇن سابىر ئاكا ھاياتىنىڭ

ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە مەن بىلەن ئۇچراشقانلا ۋاقتىدا شۇ قوۋناق ،

تەلەپچان شاگىرتلىرىنىڭ گېپىنى قىلاتتى ، ئۇلارنى ماختايتتى .

ئەينى يىللاردا بىز ئاشۇ بىر توپ ساۋاقداشلار ھېچكىم كەل

دېمىسىمۇ ، ھوۋۇللاپ قالغان مەكتىپىمىزگە تىنماي

كېلىۋېلىشلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ، زوردۇنكامنىڭ

تۈگىمەس قىزىق ، مەنىلىك پاراڭلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈنمۇ ئىدى .

يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ ، زوردۇنكام ئوچۇق ، تۈز مىجەزى ، تارانچى

شېۋىسىدىكى قىزىق ، يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى ، مۇھىمى مول بىلىمى ۋە

تەپەككۇرى بىلەن مەكتىپىمىزدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇراتتى . قاچانلا قارىساق ئۇنىڭ

ئۆپچۆرىسىدە بىرمۇنچە باللارنىڭ ئۇنى پاراگغا تۇتۇپ، ئاغزىغا قارىشىپ تۇرغىنى ـ تۇرغانىدى.

زوردۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىقارلىق، يېڭىدىن ـ يېڭى تۇيۇلىدىغان، بىلىم ۋە ئۇچۇر خۇسۇسىيىتىگە تويۇنغان پاراگلىرى بىلەن ياش ـ ئۆسمۈر تەلەپ ئەھلىلىرىنىڭ قەلبىگە پەنگە ئىنتىلىش، ئىزدىنىش، هاياتقا، كىتابلارغا، ئەدەبىياتقا مۇھەببەت باغلاش ئوتلىرىنى ياقاتتى. شۇ چاغلاردىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە، يەنى بىز ئۇنىڭدىن جۇدا بولغۇچە ئارىلىقتا سانسىز قېتىم زوردۇنكامنىڭ سۆزلەپ تالماس ئىغىزىدىن تالاي ـ تالاي بىلىملەر، يېڭىلىقلار، ئۇچۇرلار، سىرلار، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرغا باي ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە پەلسەپىلەرنى ئاڭلىدىم. يايلاۋغا چىققان مالغا ئەت قونغاندەك، بۇ سۆزلەر، بىلىملەردىن ماگمۇ ئاز بولمىغان نەپ يۇقۇپ كەلدى. شۇ قىممەتلىك كۈنلەر، خاتىرىلەر ھۆرمەتلىك ئۇستازىمنىڭ يارقىن، سۆيۈملۈك ئوبرازى بىلەن بىللە قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

زوردۇنكام كۆپىنچە هاللاردا گەپلىرىنى چاقچاق ئارىلاش قىلاتتى. بۇ چاقچاقلاردا ھەقىقەت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

مەكتەپتىكى مەزگىلدە، بىر قېتىم زوردۇنكامغا ئۆزۈمنىڭ بىر پارچە مەشىق ھېكايەمنى كۆرسەتكىنىم ھېلىمۇ يادىمدا. ئۇ ھېكايەمنى «كەچتە كۆرۈپ باقاي» دەپ ئېلىۋالغانىدى. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنى زوردۇنكام مېنى مەكتەپ مەيدانىدا ئويناپ يۈرگەن يېرىمدىن چاقىردى. قولىدا ھېلىقى مەشىق ھېكايەم، ئۆزى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. دوختۇرنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەنسىز بىماردەك ئۇستازىمنىڭ ئالدىغا ھېيىقىپ باردىم. جىددىيچىلىكتە ھېكايىنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ، ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

— قانداق مۇئەللىم ، ھېكايە بوپتىمۇ ، يا ؟

زوردۇنكام شۇ چاغلاردىكى ئادىتى بويىچە سىرلىق كۈلۈمسىرەپ ، بېشىنى بىر ئىرغىتتى ـ دە :

— ھىم ، ھېكايىراق ! — دېدى . مەنمۇ ، ئەتراپىمدا تۇرغان ئاغىنىلىرىممۇ كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە بار بولغان غاپپار خالىق دەيدىغان ئاغىنەم ھازىر ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىدۇ . تا بۈگۈنگىچە دىدارلاشقانلىرىمىزدا مەندىن چاقچاق ئارىلاش ئەھۋال سوراپ قويىدۇ :

— قانداقراق ئاداش ، ھېكايىراقلارنى يېزىپ تۇرۇۋەردىڭمۇ ؟ ئەمدى يازغانلىرىڭ چېستەي ھېكايىدۇر تايىنلىق ؟

ئاغىنەمنىڭ سۆزىگە مەنمۇ چىن دىلىمدىن زوقلىنىپ ، ئەمما قانائەتسىز بىر كەيپىياتتا جاۋاب قايتۇرىمەن :

— ياق ، يەنىلا ھېكايىراق .

90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك ، زوردۇنكام يېزىقچىلىق ئىشى بىلەن غۇلجىغا كەلگەندە مەن ئەينى چاغدىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە قوشۇپ ئۆيۈمگە چاقىردىم . گەپ ئارىسىدا ھېلىقى « ھېكايىراق » نىڭ چاقچىقى بولدى . زوردۇنكام ھەيران قالغاندەك بىر قىياپەتتە كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ، ئىككى تەرىپىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى :

— شۇنداق دېدىمما ، ئۇنداق دېمىگەندىمەن ؟ — دېدى .

ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا شۇ گەپكە ئوخشاپراق كېتىدىغان يەنە بىر گېپىنى قىلىپ بەردى . مەكتىپىمىزدە قەشقەردىن كەلگەن ئابدۇرېشىت دەيدىغان بىر ئوقۇغۇچى بولىدىغان ، ئۇ مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئوقۇغىنى بىلەن يېشى سىنىپداشلىرىدىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئىدى . بىز چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىپ شېئىرلار يازاتتى . بىر قىلىقى ، پات ــ پاتلا يازغان شېئىرلىرىنى دەپتەر ۋاراقلىرىغا كۆچۈرۈپ ، نۇسخىسىنى سىرتىغا ، ئىشىك يېنىغا چاپلاپ قوياتتى . گەپنىمۇ مۇنەججىملەردەك قىلاتتى .
ئاشۇ ئابدۇرېشىت بىر قېتىم مەكتەپ ئاشخانىسى ئالدىدا چۈشلۈك تاماقنى ساقلاپ ، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كىچىك كۆك جاۋۇرنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرغان زوردۇنكامنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىر قولىدا تاماق قاچىسى ، يەنە بىر قولىدا پۈكلەنگەن قەغەز بار ئىدى . مەن قاسىم سىدىق ۋە باشقا بىرنەچچە باللار زوردۇنكامغا يېقىنلا يەردە پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق .
ئابدۇرېشىت بىز بىلەن سالاملىشىپ قويۇپ ، ئۇدۇل زوردۇنكامنىڭ ئالدىغا باردى .
ــ زوردۇن مۇئەللىم ، ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭا ، بايىلا يازغانىتىم ، ــ دەپ قولىدىكى قەغەزنى ئۇزاتتى . بىز بىر قىزىق گەپ چىقىدىغانلىقىنى پەملەپ ، سەل ئۇيانغىراق شىپىڭدۇق . ئابدۇرېشىتمۇ تۇرۇپ ــ تۇرۇپلا قالتىس گەپلەرنى قىلىۋېتىپ قالىدىغان بالا ئىدى .
زوردۇنكام ئابدۇرېشىت سۇنغان ۋاراقنى قولىغا ئېلىپ ، قىزىقچىلىق بىلەن قولتۇقىدىكى تاماق قاچىسىنى مەھكەملىگەندەك بىر ھەرىكەت قىلدى ــ دە ، كۆزەينىكىنى بىر تۈتۈپ قويۇپ ، ئوقۇشقا باشلىدى . مەنمۇ قەغەزگە بويۇنداپ قاراشنى باشلىغانىدىم .
بىر پەستىن كېيىن زوردۇنكام ئوقۇپ بولدى . بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدىيۇ ، توختىۋېلىپ يەنە شېئىرغا كۆز ئاغدۇردى . بارلىق ھەۋەسمەنلەرگە ئوخشاش ، ئابدۇرېشىتمۇ سەۋرسىزلىنىپ سوئالغا ئېغىز ئاچتى :
ــ قانداقراق ... ؟

— ھىم ... شېئىر بولاي دەپقاپتۇ ، — دېدى زوردۇنكام ئادىتى بويىچە كۆلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ، نېمىشقىكىن ، بىز كۆلۈشۈپ كەتتۇق .

زوردۇنكامنىڭ سۆزىدىنمۇ ياكى بولمىسا بىزنىڭ كۆلكىمىزدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ئادەتتە ئېغىر ، قاپىقىنى سېلىپ يۈرىدىغان ئابدۇرىشىت ھۇپپىدە قىزاردى .

— تېخى شېئىر بولماپتىمۇ ، قانداق قىلسام شېئىر بولار ، مۇئەللىم ؟

— ئېكەكدەۋەرسەڭ شېئىر بولىدۇ ، — دېدى زوردۇنكام دەرھاللا .

— يائاللا ، ھېچنېمىنى ئۇنتۇماپسىلەرە ! ، — دېگەنىدى رەھمەتلىك زوردۇنكام بىزنىڭ ئۆيدىكى ئولتۇرۇشتا قەستەن چۆچۈگەندەك ئاۋاز بىلەن ، — مۇنۇ مەھمۇت بىر كۈنلىرى يېزىپ يۈرمىسۇن يەنە بۇلارنى .

ئېغىزىڭىزدىن « سائەت چىقىپتىكەن » ، ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ، مانا ، بۈگۈن مەن راستىنلا شۇ ئەسلىمىلەرنى يېزىۋاتىمەن .

بىر قېتىم بىر ساۋاقدىشىمنىڭ توساتتىن زوردۇنكامدىن ئۇنىڭ يېشىنى سوراپ قالغىنى ئېسىمدە . ئېھتىمال شۇ پەيتتە ياشنىڭ پارىڭى بولۇۋاتسا كېرەك .

— زوردۇنكا ، بۇ يىل نەچچىگە كىرگەنسىز ؟

ھېلىقى شەپشەكنىڭ « كىردىڭىز » دېمەستىن ، ئەتەي ئاسماقچىلاپ « كىرگەنسىز » دەپ سورىغىنىغا زوردۇنكام دىققەت قىلدى ، ئېھتىمالىم . سەۋەبى ھازىرقى كۈنلەردە « ئۆزىڭىزنى نەچچە ياش دەۋاتىسىز ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى سورايدىغانلار كەگىرىپ كەتتى ئەمەسمۇ .

www.uyghurkitap.com

— نەق بولىدىغان يېرىنى دەيمۇ ياكى بازار باھاسىنىمۇ؟ — دەپ كۈلۈپ سورىدى مۇئەللىم ھېلىقى ئاسماقچىدىن.

— ئەلۋەتتە، مۇمكىن بولسا نەق يېرىنى دەيسىز ـ دە، — ھېلىقىمۇ بوش كەلمىدى.

— ئىككى يىلدىن كېيىن «قىرىق، قىلغان ئىشىڭ تىرىق» بولىمەن ـ دە! — دەپ جاۋاب بەرگەندى زوردۇنكام.

لېكىن، ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىكى، زوردۇن سابىر ئەپەندى قىرىق يېشىدىن كېيىن ئاجايىپ زور ئىشلارنى قىلدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ساۋاقداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ قالساق مەكتەپ ھاياتىمىزنىڭ، ئەينى چاغلاردىكى ئۇستازلىرىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كېتىمىز. ئۇلارنىڭ ئادەت سۆزلىرى، مىجەزلىرىنى تۇشمۇ تۇشتىن تولۇقلاپ، ھەتتا قىزىقچىلىق قىلىپ دورايمىز تېخى. بۇ دۇنيادىكى بارلىق ساۋاقداشلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولسا كېرەك، شۇنداق سۆھبەتلەردە ئەل ـ ئاغىنىلىرىم نۆۋەت زوردۇنكامغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزىق شاھمات ئويناش ئادىتىنى، شاھمات ئويناۋېتىپ قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئەسلىشىدۇ.

بىزنىڭ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەينى يىللاردا شاھمات ماھىرلىرى ھەقىقەتەن كۆپ بولىدىغان. ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، شەھەر بويىچە تونۇلغان، ھەتتا مەملىكەتلىك خەلقئارالىق شاھمات مۇسابىقىلىرىگە تاللىنىپ قاتناشقانلارمۇ بار ئىدى. شۇلار قاتارىدا كۆپچىلىك زوردۇنكامنىمۇ ئۇستا شاھماتچى دەپ تونۇيتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ، تاكى 1979 ـ يىلى ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكۈچە بولغان يىللاردا مەكتەپ ھويلىسىدا، ئۆز ئۆيىدە، مەكتەپكە يېقىن كوچا

دوقمۇشلىرىدا، زوردۇنكامنىڭ شاھمات ئويناپ ئولتۇرغىنىنى تالايلاپ كۆرگەنىدىم.

— زوردۇنىنىڭ شاھمات ئوينىغىنىنى كۆرگەندىنمۇ شاھمات ئوينىغاندا قىلىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قىزىق، — دېگەنىدى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق خوجىلىق بۆلۈم خىزمەتچىسى ئەمەتجان ئاكا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم.

دېمىسىمۇ زوردۇنكام شاھمات ئوينىغاندا بۆلەكچىلا بىر ئادەمگە ئايلىناتتى. شاھماتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، جان - جەھلى بىلەن «جەڭ قىلاتتى»، قولىمۇ، ئېغىزىمۇ جىم تۇرمايتتى. رەقىبىنى ئۇتۇش تەرىپىگە ئۆتسە ناخشا ئېيتىپ، ھەدەپ قىزىق گەپلەرنى تۆكەتتى. مۇبادا ئوتتۇرۇشقا يۈزلەنسە «ۋاھ، ئىتنىڭ پىچكىسىنى قارا!»، «نەگە بارىدوي مونۇ چوشقىنىڭ توركىسى!» دېگەندەك گەپلەرنى ياغدۇرۇپ، رەقىبىنى تېرىكتۈرۈپ، ئەتراپتىكى تاماشىبىن، «چاپانچى»لارنى كۈلدۈرەتتى.

— يۈرۈڭلار، زوردۇن ئەپەندى شاھمات ئويناۋاتىدۇ، گېپىنى ئاڭلايمىز، — دېيىشكەنلەرنى نەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم.

تېپىچان ئېلىيوۇف ھەزىل - چاقچاقلىرىنى توپلاپ - رەتلەۋاتقان چاغلىرىمدا، بىر قېتىم زوردۇنكام بىلەن ئۇرۇمچىدە بىر سورۇندا بوپقالدىم. پاراڭ ئارىسىدا ئۇ مەندىن سوراپ قالدى:

— ھە، مەھمۇت، تېپىچىنكامنىڭ چاقچاقلىرىدىن قانچىلىك توپلىدىڭ؟

مەن جاۋاب بەردىم.

— قېنى بىر نەچچىسىنى ئېيتىماسەن، ئاڭلىمايمىزمۇ؟ — ھە، دېسىنا!

مەن مۇشۇ سورۇنغا ماس كېلىدۇ دەپ قارىغان چاقچاقتىن

بىر نەچچىنى ئېيتتىم . ئارىلىقتا رەھمەتلىك تىپىيجىنىكامنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قورۇسىدا كەسپداشلىرى بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ ، رەقىبى « مۇنۇ ئىككى قارا تاشنى ئەجەب ئالدىمىنى توسىۋالدى » دېگەندە ، دەرھاللا قىزىقچىلىق بىلەن « راست دەيسىز ، بۇ ئىككى قارا تاشنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ ؟ » دەپ جاۋاب قايتۇرغىنىنى سۆزلىۋىدىم ، سورۇندىكىلەر بىلەن بىللە زوردۇنكاممۇ يايراپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكە توختىشىغا :

— ۋاھ ، شاھمات توغرۇلۇقمۇ يىغىپسەنە ؟ — ھە ، بىز شاھمات ئويناۋاتقان يەرلەردە قاراپ تۇرىدىغان بولساڭ ، نى - نى قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايسەن ، — دېدى .

زوردۇنكامنىڭ ئۆرۈمچىدە شاھمات ئويناۋاتقان چېغىدا تاماشا كۆرۈپ ، گەپلىرىنى تولا ئاڭلىمىغان بولساممۇ ، ئەمما خىزمەت بىلەن ئۆرۈمچىگە بارغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ ئىنتىپاق تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى شاھماتچىلار سورۇنىدا بېرىلىپ شاھماتقا قادىلىپ ئولتۇرغىنىنى نەچچە رەت كۆرگەنىدىم . ئىشىنىمەن ، ئۆرۈمچىنىڭ شاھمات مەستانىلىرىمۇ ئۇ زاتنىڭ شاھمات سورۇنىدىكى مەنىلىك ، قىزىق چاقچاق ، پاراڭلىرىنى زوقلىنىپ ئاڭلاشقاندۇر .

## 3

گەپنى سەل باشتىنراق قىلاي .

ئۇستازىم زوردۇن سابىرنىڭ مول ئەدەبىيات بىلىمى ، ئىستىداتى ۋە لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە خەۋەردار بولسامۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بىر ھەقىقىي ماھىر يازغۇچى ،

www.uyghurkitap.com

جۈملىدىن تۈرمۇشقا پىششىق، خەلق تىلىغا باي ئىكەنلىكىنى 1971 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىلدىم ۋە بارغانسېرى تونۇپ يەتتىم.

2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ھويلىسىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بۇرجىكىدە، ياغاچچىخانىنىڭ يېنىدىكى ئاستى تاختايلىق بىر ئېغىز كىچىك ئۆينى ياتاقخانە قىلىپ نەچچە يىل ئولتۇرغان زوردۇنكام، ئۇزاق كۈن ۋە تۈنلەردە يېزىقچىلىق بىلەن، پروزا مەشقى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر ئۇنىڭ لەنجۇدىكى ۋاقىتلىرىدىلا رومان يازغانلىقىنى ئېيتىپ يۈرۈشكەنىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى قۇتراپ، بېسىقىپ خېلى بىر يەرلەرگە بارغاندا، زوردۇنكام ئۆي ـ ۋاقىتلىق بولۇپ ئاماننىسا ۋە شاھ مەشرەپ ئىسىملىك ئوماق پەرزەنتلەرگە ئاتا بولغاندا، ھېلىقى ئاستى تاختايلىق ياتىقىدىن مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ياتاق، ياغاچچىخانىلار جايلاشقان كونا ئىمارەت بۇزۇۋېتىلگەنىدى. بۇ ئىمارەت چۇۋۇۋېتىلگەندىن كېيىن مەكتەپ ئىچىدە «بىرسى زوردۇن مۇئەللىمنىڭ ياتىقىنىڭ پولى ئاستىدىن بىر يۆگەم ئورىگىنال تېپىۋاپتۇ. ئورىگىنال قەغەزلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ، ئوقۇغۇسىز بوپكېتىپتىكەن. پەقەت ساقراق بىر ۋارىقىنى ئارانلا ئوقۇغىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭدا مايلىشىپ كەتكەن دوپپا ھەققىدە تازىمۇ ئۇزۇن ۋە قىزىق تەسۋىر بارئىكەن» دېگەندەك پاراڭلارمۇ تارقالغانىدى. «ئابرال شامالLIرى» نەشردىن چىققاندىن كېيىن بەزىلەر «ھېلىقى تېپىلغان ئورىگىنال يۆگىمى ئەسلىدە مۇشۇ رومانىنىڭ بىر بابىكەن، كېيىن زوردۇن ئۇنى تولۇقلاپ يېزىۋاپتۇ» دەپمۇ يۈرۈشتى. بۇ سۆزلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتتە ستالىن بىلەن بىر جوزىدا

ئولتۇرغاندەك پارالڭ قىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. كېيىنكى يىللاردا، زوردۇنكام بىلەن بىللە بولغان تالاي قېتىملاردا ئاغزىمنى گەپكە ئۆمەللەپ بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سوراپ باقاي دېدىممۇ، لېكىن ھامان يالتىيىپ قېلىۋەردىم.

بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن شۇ نەرسە ئېنىقكى، زوردۇن سابىر ئاكا 1971 ـ يىلىدىكى تۇنجى ھېكايىسى «ئارغىبەتكە ئاشقۇچە» نى ئېلان قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مول، مۇۋەپپەقىيەتلىك پروزا ئىجادىيىتىگە ئۇزۇن مۇددەتلىك، تولۇق تەييارلىق بىلەن كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىكى مول، ئۇنىۋېرسال بىلىم، جۇملىدىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، تارىخ، پەلسەپە بىلىمى، قويۇق تۇرمۇش تەجرىبىسى، ساددا، يۇمۇرلۇق تىلى ۋە ئاددىي ئاۋامچە، دېھقانچە مىجەزى ھەممە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزى كۆپ تەكىتلەيدىغان ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئۇنى بىز كۆرۈپ تۇرغان، ئېتىراپ قىلغان نەتىجىلەرگە ئىگە قىلغان!

زوردۇنكام ئەزەلدىن يازىدىغان نەرسىسى ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ يۈرمەيتتى. ئەينى يىللاردا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، «ئىلى گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئۇنىڭ «ئارغىبەتكە ئاشقۇچە» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندا ھەممە ئادەم ھەيران قالدى. مەنمۇ تەئەججۈپ ۋە قىزىقىش ئىلكىدە بۇ ھېكايىنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئادەمگە چىنلىق تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرغۇدەك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك سىرەك ئۇ زامانلاردا بىرەر ياخشى ھېكايە ياكى شېئىر چىقىپ قالسا غۇلغۇلىسى نەچچە كۈنلەرگىچە بېسىقمايتتى. «ئارغىبەتكە ئاشقۇچە» مۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئايلاپ تۈزۈك تاماق يېمىگەن ئادەم ئاجايىپ ئوخشىغان غىزانى تاسادىپىي يەپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى. ھېكايىنى ئوقۇغانسېرى زوردۇنكامغا بولغان

ھۆرمىتىم، قايىللىقىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىقىشىم تېخىمۇ ئاشتى. ھېكايىدىكى تىل «سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك» لا ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايتتى.

ھېكايە گېزىتكە چىققاندىن كېيىن كۆپ كىشىلەر، شۇ قاتاردا مەنمۇ زوردۇنكامنى تەبرىكلەشتۇق ۋە ھېكايىنى ماختىدۇق.

— ھېكايىراق دېسەڭگا! — زوردۇنكام كونا چاقچىقى بىلەن ماختىشىمغا جاۋاب قايتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ھېكايە «شىنجاڭ گېزىتى» دە كۆچۈرۈپ بېسىلدى. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا «سەھەرچى» ھېكايىسى ئېلان قىلىنىپ كىشىلەرگە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزگىچە بىر زوقى، پەيزىنى، خىسلىتىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ ئىقتىدارى، ئىقبالىدىن بېشارەت بەردى. «سەھەرچى» ھېكايىسىدىكى ئەراۋدۇننىڭ خاراكتېرى ئەينى چاغدا كىشىلەرگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھۇزۇرلۇق كۈلكە ئاتا قىلغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زوق ـ شوقتا چۆمگەن ھالدا ئۆزلىرى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان، تالاي قېتىملاپ يانلىرىدىن سۈركىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن سەھەر ئوقەتچىسى ئەراۋدۇن ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. كىملەرنىدۇر ئۇنىڭغا ئوخشىتاتتى. گاھىلىرى ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۈك ئالاتتى، ئېھتىيات قىلىشاتتى. مانا بۇ ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، مانا بۇ يازغۇچى قەلىمىنىڭ ئۇزاق مەزگىل بىلىنىپ تۇرغان شەمشەردەك ئۆتكۈرلۈكىنىڭ تىمسالى ئىدى.

ئۇزاق يىللار تىنىپ ياتقان بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلغاندەك، 34 يېشىدا تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان زوردۇن سابىر ئەپەندى ئەمدىلىكتە ئىلھام دۇلدۇلىنى قامچىلاپ، بىرىدىن ـ بىرى ئېتىملىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەن نىلقا ناھىيىلىك ھەسەلچىلىك فېرمىسىغا «زىيالىي ياش» بولۇپ

چۈشكەندىن كېيىن ( ئىلگىرىرەك مەن قەيت قىلىپ ئۆتكەن كىتابخۇمار قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلار بىلەن) كىتاب يىغىش ھەۋىسىگە ئوت ـ چوغ بولۇپ چۈشكەندىم . بال فېرمىغا چۈشكەن ھەربىر زىيالىي ياشنىڭ كىتاب ساقلايدىغان ، توپلايدىغان بىردىن ساندۇقىمىز بار ئىدى . بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن بەسلىشىپ كىتاب يىغاتتۇق . ئاساسەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈلۈشتىن ساقلىنىپ قالغان ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان رومانلارنى نە ـ نەلەردىن ئىزدەپ يىغاتتۇق . ئۆزبېكچە ، ئۇيغۇرچە سىلاۋ يان يېزىقىدا چىققان ئېسىل كىتابلارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆچۈرەتتۇق . يەنە شۇ چاغلاردا جەمئىيەتتە ، ياشلارنىڭ قولىدىن ـ قولىغا ئۆتۈپ يۈرگەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىمۇ ئالايىتەن خاتىرە تۇتۇپ كۆچۈرۈۋالاتتۇق . ھەرقېتىم ئىلىقدىن غۇلجىغا ، ئائىلەمگە دەم ئېلىشقا كەلگىنىمدە بال فېرمىدىن بىرنەچچە كىتاب ئالغاچ كېلەتتىم ۋە غۇلجىدا تونۇشمۇ تونۇشتىن ئىزدەپ يېڭى كىتابلارنى ئىزدەيتتىم . مېنىڭ تاپقان كىتابلىرىمنىڭ ئاكتىپ خېرىدارلىرىدىن بىرى ، ئۇستازىم زوردۇن سابىر ئىدى . ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن « ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىرى » ، « بابا تاغ ئۇستىدە قۇياش » ، « ئالتۇن ۋادىدىن شاماللار » ، « يېشىل يەر » گە ئوخشاش كىتابلارنى مەخسۇس زوردۇنكام ئۈچۈن ئىزدىگىنىم ۋە بۇلاردىن بەزىلىرىنى تېپىپ ئەكىلىپ بەرگىنىم يادىمدا . بىر قېتىم ، ئېھتىمال 1972 ـ يىلىنىڭ 4 ـ ئايلىرى بولسا كېرەك ، بال فېرمىدىن دەم ئېلىشقا قايتىپ كېلىپ ، ئەتىسىلا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدىم ۋە زوردۇنكامنى يوقلىدىم . سۆھبەت ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭراق بىر نەرسىگە تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا تۇتۇقراق بېشارەت بەردى . قايتىشىمدا بولسا :



www.uyghurkitap.com

— كەلگىنىڭمۇ ياخشى بوپتۇ ، ماڭا سىميۇن بابايۇسكىنىڭ « ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىرى » دېگەن رومانىنى تېپىپ بەرمەمسەن ، بىر كۆرۈپ باقاي دەيمەن .

— دىۋالوگىيە ( ئىككى قىسىملىق كىتاب ) غۇ دەيمەن ؟ — دېدىم ئۆزۈمنىڭ خېلى بىر نەرسىلەرنى بىلىدىغىنىمنى كۆرسەتمەكچى بولدۇممىكىنتاڭ .

— شۇنداق ، — دېدى زوردۇنكام ، — خېلى ئوبدان ( ئۇ « ئامدان » دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى ) يېزىلغان كىتاب ئۇ . پېرسوناژلار توقۇنۇشىنىمۇ ياخشى بەرگەن . سەن ئوقۇدىڭمۇ مەھمۇت ئۇنى ؟

— ئوقۇغان ، — دېدىم ، — خەپ ، ئۆتكەندە كەلگىنىمدە دېسىڭىزچۇ ، ئۆيۈمدىلا بار ئىدى . ئېگىسىگە بېرىۋېتىپتىمەن .

— تاپسەن ، يامان نېمە سەن ! — زوردۇنكام بېشىنى لىك ئېتىپ ئىرغىتىپ ، كۈلۈمسىرىدى .

كېيىن ئۇ كىتابىنكى ۋەقەلەر ئۈستىدە زوق - شوقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى . بۇ كىتابنى ئۇ غۇلجا دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بىر رەت ئوقۇغانىكەن ، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، كىتابىنكى ۋەقەلىكلەرنىلا ئەمەس ، پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ، ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن ئابزاس ، جۈملىلەرنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ .

— سىزنىڭ كىتابقا بېرىلگىنىڭىز ئۆزى ياخشى ئىش ، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم ، — يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا نىيەت باغلىغان ئادەم كۆپ كىتاب ئوقۇشى ، دائىم كىتاب ئوقۇشى كېرەك . گوركىي نېمە دېگەن ؟ « مەن ئاچ كىشىلەر نانغا ئېتىلگەندەك ، كىتابقا ئېتىلىمەن » دېگەن . ھىم ، خاتىرەڭگە يېزىپ قوي مەھمۇت بۇنى ، يوغان قىلىپ يېزىپ قوي . ئاندىن

ئوقۇغان كىتابلىرىڭدىن خاتىرە ياز، تەسىراتىڭنى، كىتابتا ساڭا يارىغان جۈملىلەرنى، غەلىتە ئىسىملارنى، باشقىلاردىن ئاڭلىغان ماقال ـ تەمسىل، ئوخشىتىش، ھەتتا ساڭا سەل تەسىر قىلغان بىرەر گەپنىمۇ يېزىۋال. گوگۇلنىڭ خاتىرە دەپتىرىدەك. بىلەمسەن، گوگۇلدىن بىرسى «سىز قانداق يېزىقچىلىق قىلىسىز؟» دەپ سورىسا، «مېنىڭ مىڭ بەتلىك بىر خاتىرەم بار، ئۇنى مەن 〈 بىلىملەر خەزىنىسى 〉 دەپ ئاتايمەن. يېزىقچىلىق قىلىشىغىنىمدا ئۇ مېنىڭ قەلەم تۇتقان قولۇمنىڭ، ئوڭ بىلىكىمنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ» دېگەنىكەن. ھىم، مانا تەجرىبە دېگەن!

ھەرقېتىم پاراڭغا ئېغىز ئاچقىنىمدا ئۇ مۇنداق سۆزلەرنى شارقىراتمىدىن سۇ چۈشكەندەك تۆكۈپلىۋېتەتتى.

تاكى ئاخىرقى كۈنلەرگىچە، ھەرقېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا خاتىرە دەپتىرىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلاتتىم. بىر قېتىملىق سورۇندا ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىرمىگە يېقىن خاتىرە دەپتىرى بارلىقى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

گەرچە نۆۋەتتە كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپ يوناققا كەلگىنىدە يازغۇچىنىڭ ئايرىلماس دەپتىرى توغرىسىدا ئىككى مىسالنى ئېيتىپ كېتەي.

1985 ـ يىلى خوتەندە ئېچىلغان «يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيەت يىغىنى» مەزگىلىدە، چىرىيە ناھىيىسىدە دېھقانلار ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىشقا ئاتاتتۇق. نامرات بىر ئائىلىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ مەھەللىدىكى بېيىغان يەنە بىر ئائىلىنى كۆردۇق. ئۆي ئىگىسى ئەللىكلەردىن ئاشقان مۆلايىم بىر كىشى ئىدى. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى، ئۇ كىشى تارتىنىپقىنا «مەتناسىرخان» دېدى.

— مەھمۇت، — دەپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى توپ ئارىسىدىن

زوردۇنكامىنىڭ ، ـــ مەھمۇت قېنى سەن ، بۇ ياققا كەل !

مەن دەرھال كىشىلەر ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم .

ـــ دەپتىرىڭگە مۇنۇ ئىسمىنى يېزىپ قوي ، مەتناسىرخان . كېيىن لازىم بولىدۇ .

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن « تەكشۈرگۈچى » ناملىق ھېكايەمدە مەتناسىرخان دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتتىم . بۇ ئىسىم ئۆزۈمگە بەك ياراپ كەتكەن بولسا كېرەك ، « كۆرۈپ قالغان ئادەم بار » دېگەن ھېكايەمدىمۇ يەنە شۇ ئىسمىنى ئىشلىتىپتىمەن .

يازغۇچىنىڭ قويۇن دەپتىرى توغرىسىدىكى يەنە بىر سۆھبەتتە زوردۇنكام زۇنۇن قادىرىنى مىسالغا ئېلىپ پاراڭ قىلغانىدى .

ـــ رەھمەتلىك زۇنۇنكامىمۇ يانچۇق خاتىرىسى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن . مەن ئۇ توغرۇلۇق باشقىلاردىن بىر گەپنى ئاڭلىغان . بىر قېتىم زۇنۇن قادىرى بىر نەچچە قەلەمكەشلەر بىلەن يېزىغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى بېرىپتۇ . كوپىراتىپ مەسئۇلى ئۇلارنى ئىشخانىغا ئەكىرىۋېلىپ ئەھۋال تونۇشتۇرغاچ ئۆزىنى ماختاۋىرىپتۇ . ئۇ سۆز ئارىسىدا پات ـ پات زۇنۇنكامغا قاراپ قويىدىكەن . قارىسا زۇنۇنكام باشقىلارغا ئوخشاش گەپكە قۇلاق سالماي ، جىممىدە ئولتۇرۇپ يانچۇق دەپتىرىگە بىر نېمىنى جىجىلاۋېرىپتۇ . بۇنىڭدىن روھلانغان كوپىراتىپ باشلىقىمۇ توختىماي سۆزلەۋېرىپتۇ . ئەسلىدە زۇنۇنكام دەپتىرىگە نېمە يېزىپتىكەن دېمەمسىلەر ، ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە تازىمۇ ئەستايىللىق بىلەن بىر تۇپ قىچىنىڭ گۈللىگەن شەكلىنى سىزىپ ئۇنىڭ يېنىغا « قىچىنىڭ چېچىكى چېچەك » دەپ يېزىپ قويغانىكەن . مانا يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرى دېگەن !

www.uyghurkitap.com

قىچىنىڭ چىچىكى چىچەك ! زوُنوُنكام شوُ خەتلەرنى خاتىرىسگە تىركىگەندە نىمىلەرنى ئويلىدى ، تەپەككۇر قىلدى؛ بۇ بەلگىسىز . بەلكىم كوپىراتىپ باشلىقنىڭ ئۆزاققا سوزۇلغان نۇتقىدىن بىرەر تۇگۇننى تۇتۇۋالغاندۇر ، ئۇنى كالللىسىدا ھەرقاياقىا دومىلىتىپ ، بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنى پىشۇرغاندۇر . قەلەم ئېگىلىرى ئۈچۈن بۇ چۈشەنمەيدىغان ئىش ئەمەس . زوردۇنكام ئۆزىنىڭ خاتىرە يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە شۇنداق دېگەندى :

— مەن ئۆزۈم ئەڭ مۇھىم دېگەن بىر سۆز ياكى بىرەر ئىسىم ، ئاتالغۇنى دەپتىرىمگە تىركەپ قويىمەن . كېيىن ئۇنى كۆرسەملا شۇ ۋەقە ، شۇ ئىش يادىمغا كېلىدۇ . ئەلۋەتتە ، بەزىدە مۇپەسسەل خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك .

زوردۇنكامنىڭ ئىنتايىن كۆپ كىتاب ئوقۇغان ۋە ئوقۇيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى رەت ھەمسۆھبەت بولغان ئادەم دەررۇلا سېزىۋالالايدۇ . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا قۇرۇق پاراڭ قىلمايتتى . ئۆزىنى ماختايدىغان ، باشقىلار توغرىسىدا غەيۋەت قىلىدىغان قىلىقلار بىلەنمۇ شۇغۇللانمايتتى . ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدا سۆزلەيتتى ، ئۇلاردىن مىساللار كەلتۈرەتتى . ئۇنىڭ كىتابلار ھەققىدە قىلغان پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم ئۇ ئوقۇغان كىتابلارنىڭ تېما ، پەن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىنى ھېس قىلاتتى . مىساللارنى ، ئىسىم ، ئورۇن ، سان - سىپىرلىق مەلۇماتلارنى ئەينەن ، تولۇق تىلغا ئېلىشقا دىققەت قىلماي قالمايتتى . 1997 - يىل نويابىردا ئىچكىرىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولغىنىمىزدا ، ئۇ نەگىلا بارسا كىتابخانا ، كىتاب سېتىش بوتكىلىرىنى ئىزدەپ - ئەگىپ يۈرگەندى . بېيجىڭ ، دالىيەن ، شىئەن كىتابخانىلىرىدا ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك ، زوقىنى قوزغاتقۇدەك خىلمۇ خىل ، رەڭدار ، نەپىس

ئىشلەنگەن كىتابلار بەكمۇ نۇرغۇن ئىدى. ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرى، پەلسەپە، تارىخ تېمىسىدىكى مەشھۇر كىتابلارمۇ تەلتۆكۈس، ئەمما كىتاب باھاسى تولىمۇ قىممەت ئىدى. زوردۇنكام يول بويى سوۋغا ـ سالام، كىيىم ـ كېچەك دېگەن نەرسىلەرنى ئاساسەن ئالمىدى، ئەمما نۇرغۇن كىتاب سېتىۋالدى. يەنئەنگە بارغان كۈنىمىزنىڭ ئەتىسى، يەنئەن مۇزېيى ئالدىدىن، ئۇنىڭ كىتابساتارلار قولىدىن خەنزۇچە تۆت كىتابنى ئۈچ يۈز ئاتمىش سومغا تالاشمايلا سېتىۋالغانلىقى يادىمدىن چىقمايدۇ. بىز ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇشمۇتۇشتىن باھا تالىشىپ كەتتۇق. ئۇ بولسا ئالغان كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ، كۆزىگە يېقىن ئەكىلىۋېلىپ قارىغىنىچە:

— ئالامەت نوچى كىتابلاركەن جۇمۇ، پايدا بەرسەكمۇ ساتمايمەن جۇمۇ ئاغىنىلەر، — دەپ كۈلەتتى.

دەرۋەقە زوردۇنكام يازغۇچىنىڭ كىتاب ئوقۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پايدىسى ھەققىدە ماڭا ئېيتقان سۆزىنى ئۆزىدە ئاللىقاچان پۇختا ھازىرلىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئابرال شاماللىرى» ناملىق رومانىنى شۇنچە راۋان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالىدى. روماندا ئېلى يېزىلىرىدىكى 1962 ـ، 1963 ـ يىللاردىكى تارىخي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، «ئوبرازلارنىڭ جانلىقلىقى، قىزىقارلىقلىقى ۋە كۆپ خىللىقى، سېلىشتۇرمىلارنىڭ روشەنلىكى — بۇ رومانىنىڭ ئالاھىدىلىكى. روماندا ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەت ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى خېلى ئوچۇق سۈرەتلەنگەن. تىلى راۋان، جانلىق ۋە ئاممىباب. شۇ يىللاردىكى يېزا ھاياتى بىلەن تونۇشۇشتا ئەھمىيىتى زور[1].»

[1] «ئابرال شامالىرى» رومانى — «قىسقىچە مەزمۇنى» دىن

گەرچە رومان ئەينى دەۋردىكى « ئۈچىنچى گەۋدىلەندۈرۈش » نىڭ ئىسكەنجىسىدىن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى بەزى سول خاھىشلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بەدىئىي تېخنىكا جەھەتتىن زور ئۈستۈنلۈكلەرگە ئىگە ئىدى، يادىمدا تۇرۇپتۇ، رومانىنىڭ شاپىگىرافتا بېسىلغان سانى چەكلىك پىكىر ئېلىش نۇسخىسى شۇ مەزگىلدە زور تەسىر قوزغىغان، مېنىڭ قولۇمدىكى بىر نۇسخىسىنى ئوقۇشقا ئالدىرىغانلار ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇزاق يىللىق چەكلىمە ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى بىر باھارنى كۈتۈۋېلىۋاتقان شۇ يىللاردا، رەڭگا رەڭ پېرسوناژلارغا، يېقىملىق، ئويناق، يۇمۇرلۇق تىلغا ۋە زىددىيەتلىك ۋەقەلىكلەرگە تولغان مۇنداق بىر رومانىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئويغۇر مەتبۇئاتچىلىقىدا مۇھىم بىر ۋەقە بولغانىدى دېسەم ئارتۇق كەتمەس.

« ئابرال شاماللىرى » نىڭ ھامىلە ۋاقتى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىر نېمىدەپ جەزىملەشتۈرەلمىسەممۇ، بىراق زوردۇنكامنىڭ بۇ رومانىنى 1972 ـ يىللىرى رەسمىي قولغا ئالغانلىقىنى بىلىمەن. كىتابتا « 1973 ـ يىلى 10 ـ ئاي غۇلجا ـ بوستان »، « 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۈرۈمچى » دەپ ئىزاھلانغان. 1972 ـ يىلى بىر قېتىملىق پاراڭلىشىشتا زوردۇنكام يىرىك بىر ئەسەرگە تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىر نەچچە ساۋاقداشلارنىڭ بۇنىڭدىن خۇشال بوپكەتكىنىمىز ئېسىمدە. « يېزىڭا زوردۇنكا، كۆچۈرىدىغان ئىشلار بولسا بىزگە بېرىڭ، كۆچۈرۈپ بېرىمىز » دېدى بەزىلەر. دەرۋەقە كېيىنچە مەنمۇ رومانىنىڭ ئىككى بابىنى كۆچۈردۈم. بىرى يادىمدا قالماپتۇ. يەنە بىرى 14 ـ باب ئىدى. بۇ بابتا پاتىمەنىڭ ھېكمەتنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقى، ھېكمەتنىڭ ئاق پىشماق، دۈگىلەك ئايالىنىڭ ئۇنى

كۆرۈپ ھالڭ ــ تالڭ قالغانلىقى ، ئىككى ئايالنىڭ دەسلەپ بىر ــ بىرىدىن قورۇنۇپ ، كېيىن ئۇزاق ، ئازادە مۇڭداشقانلىقلىرى يېزىلغانىدى . « ئەزىزخان خەتكە يالت ئېتىپ قارىدى . ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى :

ــــ ئىللا ــ بىللا ، گۆرۈمدىن توڭگۇز ... » دېگەن قۇرلارنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ كەتكىنىم يوق . بۇ 1974 ــ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى . ئەمدى روماندا دېيىلگەن « 1973 ــ يىلى 10 ــ ئاي ، غۇلجا ــ بوستان » ئىزاھاتىغا كەلسەك ، چامامدا بۇ زوردۇنكامنىڭ رومانىنى تازا زوق ــ شوق بىلەن يېزىۋاتقان مەزگىللىرى بولغاي . شۇ يىلى زوردۇنكام 2 ــ ئوتتۇرا مەكتەپتە كۆپ تۇرمىدى . تۇرغان چاغلاردىمۇ تالا ــ تۈزگە كۆپ چىقمىدى . مەنمۇ شاھماتچىلارنىڭ « زوردۇن شاھمات ئوينىغىلىمۇ چىقمايدىغان بوپكەتتىغۇ ، ئۆيىدە بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋاتقۇدەك » دېگەن پاراڭلىرىنى بىر ــ ئىككى قېتىم ئاڭلاپ قالغانىدىم . « 1979 ــ يىلى 12 ــ ئاي ئۈرۈمچى » دېگەن ئىزاھ ئاپتورنىڭ ئاخىرقى قېتىم كىتابقا پىكىرلەر ئاساسىدا تۈزىتىش كىرگۈزگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ . 1979 ــ يىلى ئىلى ئوبلاستىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغان زوردۇنكام شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەتتى . رومانىمۇ شۇ يىلى ئاخىرقى ئۆزگەرتىش ، تۈزىتىشتىن ئۆتكەنىدى .

« ئابرال شاماللىرى » نىڭ گېپى چىقسىلا غۇلجىدا كۆپ كىشىلەر زوردۇنكامنىڭ بىر نەچچە چاقچاقچى بۇرادەرلىرىنىڭ بىر ھاجەتمەنىنى « پالان يەردە زوردۇن دېگەن بىر كىشىدە توپ ساتىدىغان ئەرزان قومۇش بار » دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىپ بىرەر قۇر كۈلۈشىدۇ . غۇلجىنىڭ چاقچاقخۇمار ئادەملىرىگە نېمە ئامال دەيسىز ؟ رەھمەتلىكنىڭ ئۆزىمۇ

بىر نەچچە قېتىم بۇ ئىشنى تەگىگەن، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم غۇلجىغا كەلگەندىمۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانىدى. «ئابرال شاماللىرى» رەسمىي نەشىردىن چىققاندىن كېيىن بىرەر يىلچە بۇ كىتاب ئۆيىمىزدە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلدى. زىۋىرشا، ئاسىم ئەكبەر، تۇرسۇن شىجاڭ، سۇلايمان گۇر ـ گۇر ... گە ئوخشاش ئوبرازلار ئۇزاققىچە كاللامدىن چىقماي يۈردى.

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، بىرەيلەننىڭ زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ «‹ئابرال شاماللىرى› غۇ ئەمدى قاتارغا قوشۇلمايدىغۇ» دېگەندەك يەڭگىلتەكلىك بىلەن قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. مېنىڭچە گەپنى مۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، «ئابرال شاماللىرى» رومانى يازغۇچىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يىرىك ئەمگىكى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىش، تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتىن باشقا، يەنە مۇنداق ئىككى تاماندىنمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. بىرى، روماندا يېزىلغان ئەينى يىللاردىكى ۋەقەلەر شۇ دەۋرنى ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشتە تولىمۇ مۇھىمدۇر. يەنە بىرى، مەزكۇر روماندا يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق كۆپ تامانلار ئۆز ئەكسىنى تاپقان. زوردۇن سابىر ئەدەبىي دۇنياسىنى چۈشىنىش، مۇھاكىمە قىلىشتا جەزمەن بىرىنچى قول ماتېريال بولالايدۇ.

## 4

ئەسلىمەمنى داۋاملىق يېزىۋاتىمەن. ئەتراپىمدا زوردۇن سابىرغا دائىر بىرمۇنچە ماتېرىياللار، ئۇلارنى ئاندا ـ ساندا ۋاراقلايمەن، كۆپىنچە قەلبىمدە ھۆرمەتلىك بۇ ئۇستازىم ھەققىدە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان، ئۇنتۇلماس، قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر

ۋاڭرىلداپ قايناپ، كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى لىپىلداپ ئۆتۈپ مېنى يېزىشقا، توختىماي يېزىشقا ئۈندىمەكتە. ئارىلاپ «مۇسىبەتنامە» ماۋزۇلۇق بىروشيۇرغا كۆز تاشلايمەن. مۇقاۋىدا، قارا رامكىنىڭ ئىچىدە چاچلىرى ئۆسۈك، چىرايىدا ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ تولۇپ ـ تاشقان، خۇش چاقچاق، ئەمما ئەمدى مەڭگۈ كۈلەلمەيدىغان، چىۋەر تىلىدىن گۆھەرلەر تۆكەلمەيدىغان، بۇ غەيۇر ئۇستازىم ماڭا قاراپ تۇرىدۇ. ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ سۈرىتى نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلدى. قارا رامكىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم چېچىلىپ تۇرىدۇ مانا.

زوردۇنكامنىڭ غۇلجىدىكى ۋاقىتلىرىدىن قالغان ئەسلىمىلەر قەلىمىمنىڭ ئۇچىغا داۋاملىق يۆگىشىپ كەلمەكتە.

1972 ـ يىلى 12 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئىلى گېزىتى» دە مېنىڭ «ئاتا ئىزىدىن»، «سالچى» ناملىق ھېكايىلىرىم بىر ھەپتە ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. «ئاتا ئىزىدىن» تېخى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ شەنبە، يەكشەنبىلىك سانلىرىغا بۆلۈپ، بەت بويلاپ تولۇق بېرىلدى. ئەينى چاغدا، بۇنىڭ جەمئىيەتتە زور ئىنكاس قوزغىغانلىقى يادىمدا. سەۋەبى، ئۇ چاغلاردا ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنتايىن كەمچىل، كىتابخانلار مەتبۇئاتتىن ئاز تولا بولسىمۇ بەدىئىي زوق ئېلىشقا تولىمۇ ھېرىس ئىدى.

«ئاتا ئىزىدىن» (دەسلەپكى ئىسمى «سالچىلار قايتقاندا» بولىدىغان) ھېكايىسىنى گېزىتكە بېرىشتىن ئىلگىرى پىكىر ئېلىش ئۈچۈن يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئاكىغا كۆرسەتكەنىدىم. ھېكايىنى ئېلىپ قىلىپ، ئون كۈنلەردىن كېيىن ئابدۇراخمانكام كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، مېنى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدىكى

ئۆيىگە باشلاپ كىردى .

— ھېكايىنى بەك قىزىقىپ ئوقۇدۇم ، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن ، — تىلىمۇ ، ۋەقەلىكىمۇ ياخشى ئىكەن ، بولۇپمۇ تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك . يارايسىز مەھمۇت ، ئىلقىدا بىكار يۈرمەپسىز .

خىجىللىق ۋە خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي ، قىزىرىپ كەتتىم .

— يەنە بىر گەپ ، — دېدى ئابدۇراخمان ئاكام ، — ھېكايىڭىز بىرقەدەر ئۇزۇن چىقىپتۇ ، ھېكايىدىن كۆرە رومانىنىڭ بىر بابىغا ئوخشايدۇ . باشقىچە پىلانلىرىڭىز يوقمۇ ، مەھمۇت ؟

شۇ گەپنى ئابدۇراخمان ئاكامدىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك ، نەچچە كۈن ئۆتۈپ مەكتەپ ھويلىسىدا ئۇچراپ قالغان زوردۇن ئاكام مېنى چاقىردى .

— ئاڭلىسام سىنى سالچىلار توغرۇلۇق رومان باشلاپتۇ دەيدىغۇ ؟

ئۇستازىمنىڭ چاقچاقلىق سوئالىغا يەنە قىزىرىش ۋە ھودۇقۇش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردۇم ، زوردۇن ئاكام مېنىڭ خىجىللىقىمنى سەزدى بولغاي :

— ياخشى تېمىنى تۇتۇپسەن . سالچىلار ئاجايىپ قەيسەر ئادەملەر . ھەم ، مېنىڭمۇ سالچىلار توغرۇلۇق ئۆگەنگۈم بار ئىدى . ئەخمەتجان قاسىمىمۇ سال ھەيدىگەن ، بىلەمسەن ؟ كېيىنچە شۇ توغرۇلۇقمۇ ئۆگىنىپ باق ، — دېدى .

— ئۇ ھېكايىنى باشتا سىزگە كۆرسىتەي دەپ ئەكەلگەنىدىم ، بوستانغا ① چىقىپ كېتىپسىز ، — دېدىم ئەيىب ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك دۇدۇقلاپ ، ئۆزۈمنى ئاقلاپ . بۇ راست

① بوستان — غۇلجا ناھىيىسىدىكى بىر مەھەللە .

ئىدى .

زوردۇنكام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— تايىنلىق مىنى ھېكايەمگە نومۇر قويۇپ يۈرمىسۇن دەپ كۆرسەتمىدىڭ — دە !

« ئاتا ئىزىدىن » ۋە « سالچى » ئەسلىدە بىر ھېكايە بولۇپ ، « ئىلى گېزىتى » بەت تەلىپى بىلەن ھېكايىنى كاتتا قىسقارتقان ۋە رەھمەتلىك تاجىدىن قادىرى ( شۇ مەزگىلدە ئۇ « ئىلى گېزىتى » نىڭ ئەدەبىيات بېتىنى ئىشلەيتتى ) ئالايىتەن ھېكايە ئاخىرىغا بىر كۇبلېت « سالچىلار ناخشىسى » نىمۇ قوشقان ، بۇ ئىشلار تۆپەيلى ئالدىنئالا مىنىڭ ماقۇللۇقۇمنى ئالغانىدى . شائىر تاجىدىن قادىرى ئۆز خىزمىتىگە ئاجايىپ ئەستايىدىل ، تەلەپچان كىشى بولىدىغان .

« سالچى » ھېكايىسى « ئىلى گېزىتى » دە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي « قاينام — تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىلى دەرياسى » نامىدا خەنزۇچە « ئىلى گېزىتى » دە ئېلان قىلىندى . كېيىنچە خەنزۇچە « شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئىتى » ژۇرنىلىغىمۇ بېرىلدى . بىراق ھەر ئىككىلىسىدە تەرجىماننىڭ ئىسمى بېرىلمىگەنىدى .

— سىېنىڭ « سالچى » ھېكايەڭنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان كىشى كىم بىلەمسەن ؟ ئۇ ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ . « ياشىسۇن ياشلىق باھار » ، « تەشكىلات بۆلۈمىدىن كەلگەن ئادەم » قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ، — دېگەنىدى زوردۇنكام ماڭا بىر كۈنى ، — كېيىنكى ئەسىرى تۆپەيلى خاتالاشقان . ھىم ، قالتىس ئادەم ئۇ ، ماۋجۇشى شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان . نېمە دېگەن دەمسىنا ؟ ، « ۋاڭ مىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى يەنىلا قوغداپ قېلىش كېرەك » دېگەن . ئۇ كىشى ھازىر غۇلجىدا ، بايانداىدا ، ئۇيغۇرچىنىمۇ شۇ يەردە

ئۆگەنگەن ، ھېلىقى بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەن سوۋې رۇيفاڭ مۇئەللىمنى بىلسەڭغۇ ، ھە ، شۇ ئايالنىڭ يولدىشى . مەن ئوقۇدۇم ، ياخشى تەرجىمە قىپتۇ .

كۆز ئالدىمغا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كونا بىناسىدا ، گىرىمسەن زالدا ئاندا ـ ساندا پەيدا بوپقالىدىغان ، كونا خوجىلىق بۆلۈمى ، ھازىر سوۋې مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكى ئالدىدا پۈتىنى داستىكى سۇغا چىلاپ ، بوينىغا لۆڭگە ئارتىۋالىدىغان ، ئۆزى بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان كۆزەينەكلىك ، ياداڭغۇ كىشى كەلدى . ساۋاقداشلار ئۆزئارا ئۇنى شەرەتلەپ « بۇ كىشى كاتتا يازغۇچىكەندۇق » دېيىشەتتى . بۇ گەپلەر مېنى بەھەد قىزىقتۇراتتى . ئەسلىدە شۇ ئادەم مېنىڭ « سالچى » ھېكايەمنى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانىكەن ـ دە !

خۇددى زوردۇن سابىر ئاكا ئېيتقاندەك ، ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ « سالچى » ناملىق ھېكايەمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشى ، شۇكەمنىڭ ئۆزىدىمۇ ، كېيىنمۇ ھەمدە ھازىرمۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش بولغانىدى . بۇ توغرىسدا كېيىنرەك يەنە توختىلىمەن .

« ئاتا ئىزىدىن » ، « سالچى » ، « ھەرە باققۇچىنىڭ خۇشاللىقى » ، « دوستلۇق ئالمىسى » قاتارلىق ھېكايىلىرىم ئارقىمۇ ئارقىدىن گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يېزىقچىلىققا بېشىمچە كىرىشىپ كەتتىم . پات ـ پاتلا زوردۇنكامنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرىگە ، قىممەتلىك مەسلىھەتلىرىگە ئېرىشىپ تۇراتتىم . ئۇ كۆپرەك مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇم ھەققىدە ئىلھام بېرىدىغان ، سۆيلەيدىغان پاراڭلارنى قىلاتتى . ئاشۇ يىللاردا « ھىندى ھېكايىلىرى » ، « ئەرەب پروزىسى » ناملىق ئىككى كىتابنى بىرەر يىلغىچە يېنىمدىن ئاجراتماي ، مۇددىئالىق ھالدا يېنىپ ـ يېنىپ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقۇغانلىقىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. سەدىردىن ئەيىنىنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى، ئابدۇللا قادىرنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان» رومانلىرىنىمۇ شۇ چاغلاردا بېرىلىپ ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتابلارنىڭ ۋۇجۇدىمدا، مېڭەمدە، قەلبىمدە قالدۇرغان پايدىلىق ئىزنالىرىنى ھەرقاچان ھېس قىلىمەن.
— كىتاب — يازغۇچى بولىمەن دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەكتەپ، — دېگەنىدى بىر قېتىم زوردۇن مۇئەللىم بىزگە ئۆز تەجرىبىلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، — ھە، پۇل ئالمايدىغان مەكتەپ، كىتاب ئوقۇمايدىغان يازغۇچى مەڭگۈ نەتىجە قازىنالمايدىغان يازغۇچى. گيۇتېنىڭ «فائۇست» نى يېزىش ئۈچۈن ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ سانىنى بىلەمسىلەر؟
مەرھۇم زوردۇن سابىر باشقىلار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە توختىماي كىتابنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ، ئىزدىنىشنىڭ گېپىنى قىلاتتى. گەپلىرى ئورۇنلۇق، لوگىكىلىق، قىزىقارلىق بولاتتى. مول بىلىملىك ئادەم ھەرقاچان سۆھبەتتە قىينالمايدۇ، باشقىلارنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولىدۇ.
زوردۇنكام غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى خاتىرەمدە ھەردائىم ئەڭ مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىپ تۇرىدىغان ئەستىلىكلەردىن بىرى تۆۋەندىكىسى ئىدى: بۇ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1974 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا غۇلجىدا ئۇيۇشتۇرغان سېمىنارىيە خاراكتېرلىك ئەسەر تەشكىللەش، مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، ئۇستازىم بىلەن بىر ھەپتە ياتاق، تاماقتا بىللە بولۇپ، ئاجايىپ قىزىق، مەنىلىك پاراڭلىرىنى قانغۇچە ئاڭلىغانىدىم ۋە ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنىمۇ تۇنجى قېتىم نەق مەيداندا كۆرگەنىدىم.
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن قەلەمكەشلەر

ئۇچرىششلىرى تۇتىيادەك بىلىندىغان شۇ يىللاردا بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى جانلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن توختاپ قالغىنى كۆپ يىللار بولغان « شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى » ( ئەسلىدىكى « تارىم » ) ژۇرنىلىنىڭ قايتىدىن نەشر قىلىنىشىغا ئەسەر تەييارلاش مەقسىتىدە ئېچىلغان بۇ يىغىن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي چېتىگىرەك جايلاشقان، 4 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق 3 - مېھمانخانىدا ( ھازىرقى « گۈلىستان » مېھمانخانىسى ) ئېچىلغانىدى. كۆكۈللۈك بۇ يىغىنغا ئاتاقلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجايوف، يەنە پەتتارجان مۇھەممەدى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، خەنزۇ يازغۇچىسى ۋاڭ يۈيخۇ قاتارلىقلار ئالاھىدە ئۈرۈمچىدىن كېلىپ ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا ئىلى تەۋەسىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاپتورلار تەكلىپ بويىچە قاتناشتۇق. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ياشتا ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم. شۇ مەزگىللەردە ئەسەرلىرىم گېزىتلەردە ئېلان قىلىنسا، ئىسمىمنىڭ يېنىغا « زىيالىي ياش » دېگەن ئىزاھ قوشۇپ قويۇلاتتى. شۇنىمۇ قوشقاچ كېتەي، بۇ مېنىڭ نىلقا بال فېرمىسىدىكى زىيالىي ياشلىقتىن غۇلجا شەھەر « شەرق قىزاردى » گۇڭشې ( قارادۆڭ يېزىسى ) بايكۆل كەنتىگە يەنىلا زىيالىي ياشلىققا ئالمىشىپ كېلىپ، تۈگمەن بېقىۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قايناق ھەۋەس بىلەن ئىنتىلىپ كىرىشىۋاتقان مەندەك ياش ھەۋەسكارغا نىسبەتەن بۇنداق ئەدەبىي يىغىلىشقا قاتنىشىشنىڭ ئۆزى كاتتا خۇشاللىق ۋە غەنىيمەت پۇرسەت ھېسابلىناتتى.

شۇ كۈنلەردە زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، تۇرسۇنمۇھەممەد ئىمىن، تۇرسۇن ياسىن، ئابلىز ھوشۇر، جاۋ جىگۇ ۋە مەن قاتارلىق ئىلى ئاپتورلىرى ياندىش ئىككى ياتاقنى

ئىگىلەپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە بىللە ئىشلىگەندۇق . كۈندۈزى يىغىندا يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىپ ، دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ، قىزغىن مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ بارساق ، چۈشلۈكى كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى قىلىشىپ ، ئاخشاملىرى خاتىرجەم ، پەيزى ئۆلپەتچىلىكنى قىزىتاتتۇق . مەيلى مۇزاكىرىدە ، مەيلى ياتاقتا بولسۇن ، زوردۇنكام ھامان ھەممىمىزنى ئۆز ئېغىزىغا قارىتىۋالاتتى . ئۇنىڭ نەقەدەر خۇش چاقچاق ، پاراڭچى ئادەملىكىنى شۇ كۈنلەردە مەن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم . بولۇپمۇ مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ، زوردۇنكامنىڭ بىر ياخشى سازەندە ۋە ناخشىچى ئىكەنلىكى بولدى . ياتاقتا ئۇ بەزىدە قىزىقچىلىق قىلىپ ، ئۆزىنى سەل كەينىگە تاشلاپ ، ئوڭ قولى بىلەن بېشىنىڭ كەينىنى تۇتۇۋېلىپ ، كونا « ئورما ناخشىسى » غا لەرزان توۋلاپ كەتسە ، گاھىدا ئۆزى ئاغزىدا پائۇزا بېرىپ ، مۇقام داستانلىرىنى ئوقۇپ كېتەتتى . ناخشا ئارىلىقىدا ھەييارلىق بىلەن بىزگە قاراپ « ھىم ، قوشۇلساڭلارا ! » دەپ قوياتتى . 3 ـ مېھمانخانىدا بىزنىڭ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان زوردۇنكامدىن دەرس ئالغان سۇبھى دېگەن قىز كۈتكۈچىلىك قىلاتتى . سۇبھى بىزنىڭ ياتاقتا ئېيتقان ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلاپ ، بىر كۈنى ئۆيىدىن دۇتار ئەكېلىپ بەردى ، ئەمدى بىزنىڭ ياتىقىمىز شوخ ، مۇڭلۇق دۇتار تارىلىرىغا تەڭكەش ناخشىلىرىمىز تېخىمۇ جاراڭلاپ ، قوشنا ياتاقتىكىلەرنى ئەتراپىغا يىغىدىغان بەزمە سورۇنىغا ئايلاندى . دۇتارنى يا زوردۇنكام ياكى ئابدۇراخمان قاھار ئاكا قولىغا ئالاتتى ـ دە ، بىزنىڭ ئوپچى « ئىلى ناخشىلىرى » مىز ئۆزۈلمەستىن جاراڭلاپ تۇراتتى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئىتمنى قامچىلاپ ئۆتتۈم،
بۆلۈكەي غولى بىلەن .
ئوينساڭ تۈزۈك ئوينا ،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن ،

سۇلار شارقىراپ ئاقسا ،
تۈگمەننىڭ نورى دەيمەن .
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە ،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن ...

ئارىلاپ ، بىز ئاھاڭغا سىلىپ ئېيتقان خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە زوردۇنكام قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇر ، بىلىملەرنى سۆزلەپ ، ھەممىمىزنى چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈرۈۋېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا مەن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ ، خاتىرەمگە بۇ تارىخلارنى تولۇقراق قوندۇرۇۋېلىشقا ئالدىرايتتىم .

يادىمدا تۇرۇپتۇ ، يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئەنئەنىۋى رەسمىيەت بويىچە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى . سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن ھەر مىللەت ئارتىسلىرى كېلىپ ناخشا ، ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى ، باشلىقلار سۆز سۆزلىدى ، شائىرلار دېكلاماتسىيە قىلدى . يىغىن باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىز ئىللىق ئۇيغۇر ئاپتورلار دۇتار تەڭكىشىدە كوللېكتىپ نومۇر ئورۇندىدۇق . ئابدۇراخمان قاھار ئاكا ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ دۇتارنى چالدى ، زوردۇنكام قاتارلىق بىرنەچچىمىز ناخشىغا قېتىلدۇق . ئۇزاق يىللاردىن كېيىن ، 1985 ـ يىلى خوتەندە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىكى تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا ، لوپ ناھىيىسىدىكى ئاجايىپ كەڭرى بىر باغدا مۇنداق ئالاھىدە نومۇر ئورۇنداش يەنە بىر قېتىم قايتىلاندى . بۇ

قېتىمقى « ئارتىس » لار ئىچىدە شائىر مۇھەممەد جان راشىدىن ۋە قەلەمكەش ئاغىنەم ئابدۇكېرىم ھاشىملارمۇ بار ئىدى . خوتەندىكى ئۇنتۇلماس كۈنلەر ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا تەپسىلىي توختىلىمەن .

3 ـ مېھمانخانىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى بىرنەچچە كۈنلۈك ئەمەلىي ئىجادىيەت ۋەزىپىسى بىلەن تۈگەللەندى . يەنى بىزنىڭ ھەر بىرىمىزگە پات ئارىدا نەشردىن چىققۇسى « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلى ئۈچۈن كىمدە بىر پارچىدىن ئەسەر يېزىپ تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز يەنە ژۇرنال خادىملىرى ئۇرۇمچىدىن ئالغاچ كەلگەن ۋە غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن يىغىلغان ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈش ، ئىشلەش خىزمىتىنىمۇ بىللە ئىلىپ باردۇق . زوردۇنكام ئاپتورلارنىڭ ، ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ، مەشىقلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ ، ئەسەرلەرگە جان كىرگۈزىدىغان تۈزىتىشلەرنى قىلاتتى ۋە بىزنى مۇزاكىرە ، مۇھاكىمە تەلقىنىگە جەلپ ئېتەتتى . مەن بولسام ، ئۆزۈمنىڭ مەشىق يازمىلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆرسىتىپ ، قىممەتلىك مەسلىھەت ، يوليورۇقلىرىنى ئىلىشقا ئالدىرايتتىم .

ئەمەلىي ئىجادىيەت مەزگىلى بىزنىڭ ئەڭ جىددىي ، ئېغىر ـ بېسىق كۈنلىرىمىز بولدى . مەن بۇكۈنلەردە بىر نەچچە يېڭى شېئىرلىرىمنى يېزىشتىن باشقا ، ئاساسلىقى « سەيخىندۇلادا باھار » دېگەن چوگراق ھەجىملىك ھېكايەم ئۈستىدە كاللا قاتۇردۇم . ئابدۇراخمان ئاكىمۇ يېڭىدىن بىر ھېكايە يازدى . شۇ مىللىتىدىن بولغان ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازىدىغان جاۋجىگۇ خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان « يېشىل مايسىلار » ناملىق ھېكايىسىنى يېزىپ تاماملىدى . « سەيخىندۇلادا باھار » مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

نىلقا بال فىرمىسىدا تۇرغان مەزگىلىمنىڭ ھاسلاتى بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئىلھامى كۆڭلۈمنى دەي ـ دەيگە سىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھېكايىگە تەئەللۇق، پروزا ئاملىدىنمۇ كۆپرەك شېئىرىي پىكىرلەر كاللامدا ۋاژىلداپ قايناپ تۇراتتى. 3 ـ مېھمانخانىدىكى ئەمەلىي ئىجادىيەت مەزگىلىدە مەن ئۇشبۇ ھېكايىنىڭ جازىسىنى تۇرغۇزدۇم. يىغىندىن كېيىن پىششىقلاپ ئىشلىدىم. مەزكۇر ھېكايە قايتا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» نىڭ تۇنجى سانىدا تولۇقى بىلەن ئېلان قىلىندى ۋە تېزلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئىنكاسىغا ئېرىشتى. ھازىرمۇ بۇ ھېكايىنى تەرىپلەپ تىلغا ئالىدىغان ئادەملەر ماڭا پات ـ پاتلا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مجىت ناسىر ئاكا مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، «سەيخىندۇلادا باھار» ھېكايىسىدىن تولۇق بىر ئابزاسىنى يادقا ئوقۇپ، مېنى ھەم ھەيران، ھەم خۇشال قىلغانىدى.

گېپىمگە يېنىپ كېلەي، ئاشۇ ئەمەلىي ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ ساناقلىق قاتناشقۇچىلىرى زوردۇن سابىرنى دائىم زوق بىلەن ئەسلەپ تۇرىمىز. بىز جىددىي ئەسەر ئىجادىيىتى بىلەن مېڭىمىزنىڭ قېتىقى چىققۇدەك ئويلىنىپ، شىرىلدىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىپ، يەنە ئۆچۈرۈپ، ئۆزئارا نېمىلەرنىدۇر مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كۈنلەر داۋامىدا زوردۇنكام خۇددى ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك پەرۋاسىز، خۇش چاقچاق ھالدا چاقچىقىنى قىلىپ، دۇتارىنى چېلىپ، ناخشىسىنى ئېيتىپ، پاراڭنى دۆك سوقۇپ يۈرۈۋەرگەنىدى. ئارىلاپ تېخى بىزگە ئىلھام، مەدەت بولىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى:

—— ھە قېنى، قايسىڭلار بالدۇر يېزىپ بولدىكەنسىلەر؟

چېمپىيونغا مۇكاپات بېرىمىز ، مۇكاپات ! بىر رومكا هاراق !
— پاھ مەھمۇت ، قەلەمنى ئالامەت تۇتىدىكەنسەن جۇمۇ ! مانا مۇنداق ، كانىيىدىن بوغۇپ ...
— ھەي ، زوردۇن ، ھەي ، يازمامسىزۇي ، يېگەن جىڭمو مىغا لايىق ئىش بولسۇن - دە ! — دەپ جاۋجىگۇ چاقچاق قىلدى زوردۇنكامغا .
— يازىمىز ، ۋاھ يازمىغاندا ! — زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ يەڭلىرىنى شۇمۇدەكلەپ ، ھېلىلا كەتمەن چاپىدىغاندەك ئەلپاز كۆرسەتتى ، — سىلەر ياتاقنى بىكار قىلمامسىلەر باشتا ، ھەر قايسىڭلارنى قارىتىپ قويۇپ بىر يازىمەنكى ...
— زوردۇننىڭ تەييار ھېكايىسى بار جۇمۇ ! — دېدى ئابدۇراخمان قاھار ئاكا زوردۇنكام ياتاقتا يوق چاغدا ، — بولمىسا ئۇنداق يۇرمەيدۇ . ئەمما لېكىن يېزىۋېتىدۇ !
ئەمەلىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ، ئەتىگەنلىك تاماقتىن قايتىپ ياتاققا كىرگىنىمىزدە ، بىزدىن بالدۇرراق قايتىپ كىرىۋالغان زوردۇنكام ئالدىغا يىغىن خادىملىرى تارقىتىپ بەرگەن بىر توپ ئورىگىنال قەغەزنى قويۇۋېلىپ ، قەلىمىگە سىياھ جىقلىدى - دە ، بىزگە ئېلان قىلدى :
— خوش ، مانا ئەمدى بىز ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق جۇمۇسلا ، دەخلى قىلىشمىغايلا !
ئۇنىڭ قىزىق پارىڭىدىن ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق ، زوردۇنكام بولسا بۇ قېتىم كۈلمەستىن ، ئورىگىنال قەغەزگە دانىمۇ دانە قىلىپ « باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى » دېگەن خەتلەرنى يازدى . ئاستىغا ئىسكوپكا ئىچىپ « ھېكايە » دەپ يازدى . ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنرەككە ، ئوڭ چەتكە ئىسىم فامىلىسىنى يېزىپ قويدى . مەن بولسام ، قىزىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە پېتىمچە ئۇستازىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەرىكىتىگە نەزەر سېلىپ تۇراتتىم. ئۇ ئالدىرىماي ــ ئېنىمەي ھېكايىسىنىڭ بىرىنچى جۈملىسىنى يازدى. ئۆزىگىلا خاس تىل ۋە پوچۇركىسى بىلەن داۋامىنىمۇ قەغەزگە چۈشۈردى.

چۈشلۈك تاماقىچە ۋە چۈشتىن كېيىنمۇ ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردى. بىزمۇ كېيىنچە ئۇنىڭغا ھالاقىت بەرمەيلى دېگەندەك قوشنا ياتاققا چىقىپ كەتتۇق. كەچلىك تاماققا ئاز قالغاندا زوردۇنكام نىھايەت چاقچاققا ئېغىز ئاچتى:

ــ ئالە مەھمۇت ھېكايەڭنى، قىچار ئابدۇشۇكۇرۇڭنى، ھەم ــ جىددىي، مۇشەققەتلىك، بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن كېيىن ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، قولىدا ئوتتۇز ــ قىرىق بەتچە كېلىدىغان، سۇۋارى، رەتلىك يېزىپ چىقىلغان، بىر بەتتە، بىر يېرىمۇ ئۆچۈرۈلمىگەن يېڭى ھېكايىسى تۇراتتى. «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە ھەققىدە ئارتۇقچە توختالمىسامۇ، كىتابخانلار مۇئەييەن تەسىراتقا ئىگە.

بىزنىڭ زوردۇنكام ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى.

## 5

ئادەم بالىسىنىڭ خاتىرىسىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى ۋە يامان ئەسلىمىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئادەتتە يەنىلا شۇ ئىككى خىل ئەسلىمە، ئەڭ ياخشىلىرى بىلەن ئەڭ يامانلىرى يۈرەكتە ئۆچمەي، يىتمەي ياشايدۇ. ياخشى ئەسلىمىلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشى ئىنسانىنىڭ تەلىيى. ياخشىلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەلگە ــ ئىنسان كۆڭلىنىڭ بىر زىننىتى ئەمەسمۇ؟

زوردۇن سابىر ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرمۇ مېنىڭ كۆڭۈل

بىغىمدىكى بىر خۇش پۇراق گۈل. مۇشۇ كۈنلەردە بۇگۈل تېخىمۇ خۇش ھىد بىلەن قەلىمىم راۋانلىقى، ھېسلىرىم قايناقلىقىغا ئىلھام ۋە مەدەت بولماقتا.

1979 ـ يىلى زوردۇنكام ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئارىلىقتا ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسىنىڭ ئىختىيارىدا، ئىلى دىيارىنىڭ ئەمدىلەتىن تە ـ تەگە مىڭۋاتقان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، نەشر يۈزى كۆرسىتىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى، كۈچ ـ جاسارىتىنى ئاشۇردى. ئەينى چاغدا جەمئىيەتتە كاتتا يېڭىلىق بولۇپ تونۇلغان «غەلىبە ناخشىلىرى» ناملىق ئەدەبىي توپلام زوردۇن سابىرنىڭ شۇ چاغلاردىكى خىزمەتلىرىنىڭ بىر ئىزناسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلام 1975 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان بولۇپ، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، مۇھەممەدجان سادىق قاتارلىق بىرمۇنچە قابىل كەسىپ ئەھلىلىرى توپلامنىڭ سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن ئۇزاق بىر مەزگىل ئەمگەك سىڭدۇرگەنىدى، بولۇپمۇ، زوردۇنكام ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، تەھرىرلەش، باسما ئىشلىرىدا ئەستايىدىل، ئۆزۈنىچە ئىجتىھات قىلدى. نۆۋىتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەي، زوردۇن سابىر ماھارەتلىك يازغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى ئوبدانلار بىر شائىر ئىدى. ئاتمىشىنچى يىللاردا ئۇنىڭ بىر قانچە شېئىرلىرى «تارىم» دا ئېلان قىلىنغان. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇ ھە دېگەندە «ئىلى گېزىتى» دە ئارقا ـ ئارقىدىن تىلى ئوبناق، ھېسسىياتلىق، پىكرى تارتىملىق بىرمۇنچە شېئىرلارنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتتىكى قابىلىيىتىنىمۇ

ناميان قىلغانىدى. «غەلىبە ناخشىلىرى» ناملىق توپلامغا ئۇنىڭ «خامان»، «سۇچى قىز» ناملىق ئىككى شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى قىسقا، ھازىرجاۋاب شېئىرلاردىن ئىدى.

ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە زوردۇنكامنىڭ كۆپ قېتىم تۆۋەنگە تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغانلىقى يادىمدا. ئۇنىڭ بۇ چاغلاردىكى ئاساسلىق ئۆگىنىش نۇقتىسى غۇلجا ناھىيىسى بولۇپ، يۇرتى يېڭىتام، مۇرات مەھەللىسى ئەتراپلىرىدا كېزەتتى. ھەرقېتىم تۇرمۇش ئۆگىنىشتىن قايتىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە يېڭى پاراڭلارنى، قىزىق ئىشلارنى ئاڭلايتتۇق. ئەلۋەتتە، ھەر قېتىم تۆۋەندىن قايتىپ كەلگىنىدە ئۇ بىرمۇنچە ھوسۇل بىلەن كېلەتتى. «ئابرال شامالىلىرى» نى قايتا تۈزىتىپ ئىشلەشتە ئۇنىڭغا بۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشلەرنىڭ پايدىسى كۆپ تەگكەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كەملەردە گېزىتلەردە، جۈملىدىن «ئىلى گېزىتى» دە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىمۇ شۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشلەرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. يادىمدا تۇرۇپتۇ، شۇ يىللىرى ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن شىپىگرافتا بېسىلغان بىر چاقچاقانغىنا ئەدەبىي مەجمۇئە (ياكى ئالماناخ) تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى باشقا ئەسەرلەر يادىمدا قالماپتۇ، پەقەت ئابدۇراخماننىڭ «ئۇلار ئىككىسى» دېگەن ھېكايىسىلا ئېسىمدە. بۇ ھېكايە زوردۇنكام بىلەن ئابدۇراخمىنكام بىللە تۇرمۇش ئۆگىنىشكە بارغاندا يېزىلغان بولسا كېرەك، سەۋەبى، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە زوردۇنكام شۇنداق دېگەنىدى:

— بۇدا ئابدۇراخمان «ئۇلار ئىككىسى» دېگەن ھېكايىسىنى يېزىپ كەلدى.

— سىزمۇ خېلى بىر نېمە يېزىپ كەلگەنسىز ؟ — دەپ سورىدى كىمدۇر بىرى .

زوردۇنكامنىڭ چىرايىغا قىزىقچىلىق تەپتى :

— ھە ، مەنمۇ « بۇلار ئىككىسى » نى يېزىپ كەلدىم - دە !

ئۇ بۇ سۆزىنى قاپىيەگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا دەپ قويدىمۇ ياكى ئىككى ھېكايە يېزىپ كەلگەنمۇ ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ يېزىدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى .

دەرۋەقە ، بۇ يىللاردا زوردۇنكام يەنە بىر مەزگىل يېزىغا ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللاندى ، « يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن » دېگەندەك ، ئەنسىز يىللارنىڭ ناھەق سورۇقچىلىقى مىڭلار قاتارىدا ئۇنىڭ بېشىغىمۇ شۇنداق تاسقىلىشلارنى سالغان بولسىمۇ ، يېزىدا ئەمگەك قىلغان مەزگىللىرىدە كۆرگەن ، بىلگەن ، ئاڭلىغان ، ھېس قىلغان ، ئۆگەنگەنلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن « بايلىق مەنبەسى » بولغانلىقى جەزمەن . راست گەپنى قىلسام ، زوردۇنكامنىڭ ئۆمۈرچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھاياتى ، ئىش - پائالىيەتلىرىدىن ئانچىلا خەۋەردارلىقىم يوق . پەقەت كەلگەن - كەتكەنلەردىن ئۇنىڭ خىزمەت ، تۇرمۇش ، ئىجادىيەت جەھەتلىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ تۇردۇم . ئەلۋەتتە ، بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغان ، بۇلارغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى . ھايات ئىنسانلارنىڭ بېشىدا ئۆزى كۆتمىگەن قازانلارنى قاينىتىدۇ . دەرۋەقە ، بۇ يىللاردا زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ خىزمىتىدىمۇ ، ئورنىدىمۇ ، تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى . بۇلار توغرۇلۇق بەلكىم كېيىنچە ، باشقىلار ، بىلگەنلەر يېزىشار ياكى ھېچكىم يازماس ، ئەمما مەن توختالمايمەن .

زوردۇنكام ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن يىلى ئۇنىڭ بىرگە ئالدىن ياد بولۇپ كەتكەن « ئابرال شاماللىرى » رومانى نەشر قىلىندى . بۇ هال ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن مۇهىم بىر ئىش بولۇپ قالدى دېسەم ئارتۇق كەتمەس . رومانىنىڭ كىتابخانىلىرى ئىنتايىن كۆپ ، بازىرى ئىتتىك ئىدى . چۈنكى ، رومانىنىڭ ۋەقەلىكلىرى قىزىقارلىق ، تىلى تارتىملىق ئىدى . راستىنىلا ، مەزكۇر كىتابنىڭ مەن كۆچۈرگەن ئىككى بابىنىڭ بەزى جايلىرىنى ۋە يەنە ئايرىم بىر بابىنى رەهمەتلىك ئاتام مۇهەممەد جامال ۋە هازىرمۇ كۆزەينەك تارتماستىنلا كىتابلارنى ئىنتىك ئوقۇيالايدىغان ئاپام پاتىمە ئاغچا ئابدۇللا كۆچۈرگەندى . رومان نەشردىن چىققاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىمۇ نەچچە كۈنلەر ، هەپتىلەرگىچە كىتابنى نۆۋەتلىشىپ ، قولىرىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇشتى . ئەسلىمەمنىڭ باش تەرىپىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ئائىلىمىزدە « ئابرال شاماللىرى » رومانى ۋە زوردۇن سابىرنىڭ پارىڭى بولۇپ تۇردى .

— زوردۇنمۇ قالتىس يازغۇچىكەنە ! — دېگەندى ئاتام بىرقېتىم ، — شۇنچە قىزىق تىللارنى نەدىن تېپىۋالغاندۇ — هە !

1968 – يىلى بېيجىڭغا « ئوقۇغۇچىلار ئالاقە باغلاش ئەترىتى » تەركىبىدە سەپەر قىلغاندا بىرنەچچە كۈن تۇرغانلىقىمنى هەمدە 1976 – يىلى « بۇ سەهنىدىن مەڭگۈ چۈشمەيمىز » ناملىق دىرامىنى قايتا تۈزىتىش سەۋەبى بىلەن شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدە بىر مەزگىل بولغىنىمنى ، 1979 – يىلى كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن بارغانلىقىمنى هېسابقا ئالمىغاندا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى بېسىقىپ جاهان ئوڭشىلىپ ۋە جۇملىدىن مەنمۇ رەسمىي خىزمەتكە قاتنىشىپ تونجى رەت 1983 – يىلى ئۈرۈمچىگە سانىقىمدا تۆتىنچى قېتىم ، كۆڭلۈمدە تۇنجى قېتىم بارغانىدىم . بۇ باهار مەزگىلى بولۇپ ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم

ئۆتـكۈزۈلۈۋاتقان « خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش ـ مـۇكـاپـاتلاش » پـائالـىيـتـىـنىـڭ مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆرۈمـچىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى . مېنىڭ « ھېسام چاقچاقلىرى » نـاملىق كىتابىمنىڭ 1 ـ قىسمى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بـولـۇپ ، ئەسىرى مۇكاپاتلانغان غۇجەخمەت يونۇس ئاكا ئىككىمىز بـىـلـلـە غـۇلـجىدىن يولغا چىقتۇق . ئەتىيازنىڭ يېقىملىق سىياقى ، ئويـنـاق شـامـىـلـىـمۇ ، سـەپـەر خـۇشـاللىقىمۇ ۋە ئۆزۈم ناھايىتى ھۆرمـەتـلـەيدىغان ، سىرداش پاراڭچى « ئاكام ئاداش » بىلەن بىللە ھەمـسـەپـەر بـولـغـانـلىقىمۇ ، خالاس ، شۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كـەيـپـىـمـنـى كـۆتۈرۈۋەتكەنىدى . « سەپەرنىڭ گەشتى بولىدۇ » دېـگـەن بـىـكار سۆز ئەمەس ، ئەلۋەتتە ، يول بويى غۇجەخمەت ئاكا ئـىـكـكـىـمـىـز غـۇلـجـىـدا قىپقالغان قەلەمداشلارغا بېغىشلاپ بىر ـ بـىـرىدىن قىزىق قوشاقلارنى « سەن بىر ، مەن بىر » قىلىپ توقۇپ بـاردۇق . كـېـيـىـنـچە بۇ قوشـاقـلار « جـەنـۇب قوشاقـلـىـرى » مـاۋزۇسـى ۋە « يـاتـقـىـنـىـڭـدىـن كۆپتۇر ياتمىغىنىڭ ، ياتمىغاندا يـاتـىـسـەن پـاتـمـىـغـىـنـىـڭ » ئېپىگرافى ئاستىدا رەتلىنىپ ، ھەر يـەرلـەردە ، كۆپ سورۇنلاردا ئوقۇلدى . بۇ توغرىسىدا سەل تۇرۇپ يەنە پاراڭ قىلىمەن .

مـۇكـاپـاتلاش يىغىنى ئۆرۈمچى خەلق مەيدانىدىكى تيانشان مـېـھـمـانـخـانـىسىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى . ئەلۋەتتە بۇ يالغۇز مۇكاپات تـارقـىـتـىـش مـۇراسـىملا ئەمەس ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتونوم رايـونـىـمـىـزنـىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەھۋالـى ھەقـقـىـدە يـىـغـىـن ، لـېـكـسـىـيـە ھەمـدە مۇزاكىرىلەرمۇ ئۇيـۇشـتـۇرۇلـغـانـىـدى . مـەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ ، پەتتارجان مـۇھەمـمـىـدى ، شـۇنـداقلا ئېغىز ئەدەبىياتى ، كلاسسىك ئەدەبىيات سـاھەسـىـدە خـىـزمـەت قـىـلـىـۋاتـقان ، قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىكنى مۇشۇ يەرگە يىغىلغانىدى . بۇ كۈنلەردە مەن كۆپلىگەن كەسىپداش پېشقەدەم ، ھۆرمەتلىك قەلەمكەشلەر بىلەن تونۇشتۇم . يەنە بىر تەرەپتىن ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ، خۇش چاقچاق زوردۇن سابىر بىلەن دىدارلىشىش ، ئۇنىڭ كۆڭۈلگە يېقىشلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىرايتتىم . بۇ جەھەتتىن غۇجەخمەت ئاكىمۇ مەن بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى .

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچتە غۇجەخمەت يونۇس ئىككىمىز يىغىن تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان كونسېرتقا باردۇق . بۇ يەردە مەن يىغىندا كۆرۈشمىگەن بىرنەچچە يازغۇچى ، شائىرلار بىلەن ( بەزىلىرىنىڭ ئىسمى تونۇش ، ئۆزى ناتونۇش ئىدى ) كۆرۈشتۇم ، تونۇشتۇم . گەپ ئارىسىدا زوردۇنكام ھەققىدىمۇ پاراڭلار بولدى . مەن زوردۇنكامنىڭ ئۆيى مەشەگە ، كونسېرت بولۇۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش زالىغا يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم . ئۇنىڭ يېقىندىن بېرىقى ئىجادىيەت ئەھۋالىدىنمۇ ئاز تولا خەۋەر تاپتىم .

مەسلىھەتىمىز بويىچە ، مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاياغلاشقاننىڭ ئەتىسى غۇجەخمەتكام ئىككىمىز چۈشلەرگە تاياپ زوردۇنكامنىڭ ئۆيىگە يول ئالدۇق . ئاڭغىچە يىغىننىڭ ، ياتاقنىڭ ئاخىرقى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدۇق .

ئۈرۈمچىنىڭ « قىزىلتاغ مېھمانخانىسى » بىلەن شياۋشىمىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئۈچىنچى مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ باردۇق . بۇ ئىزغىرىن شامالىق ، ھاۋانىڭ كەيپى ئوسال بىر كۈنى ئىدى . بىز زوردۇنكامنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ سوراپ تاپتۇق . خەنزۇچىسىغا « دىشياشى » دەپ ئاتىلىدىغان ، كۆرۈمسىز بىنانىڭ يەر ئاستى قەۋىتىدە قاراڭغۇ ، زەي ئىككى ئېغىز ئۆي يازغۇچىمىزنىڭ ئىككىنچى قېتىم قۇرغان ماكانى ئىدى . زوردۇنكام

ئەنە شۇ گىرىمسەنلىكتىن ئۆزىنىڭ بىزگە « قەدىمكىدەك » تونۇش يېقىملىق چىرايى ۋە چاقچاقلىرى بىلەن زاھىر بولدى .

— ۋاھ ، غۇلجىلىقلار كىلىپ قاپتىغۇ ! ، قېنى ، ئۆيسەن كىرىلى ! ھە ، مەھمۇت ، مۇكاپات ئاپتۇ دەيدىغۇ سېنى ؟ ياماقنى خېلى جىق بەرگەندۇر ـ ھە ، ياماقنى ؟ ! ھىم ... !

كۇلكە ، چاقچاقلار بىلەن زوردۇنكامنىڭ ئاددىيغىنا ياسالغان ، چوڭ دېرىزە ئەمەس ، كىچىككىنە پەنجىرىلىك ، غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان مېھمانخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇق پەتنىدىن كېيىن رەسمىيەتلەرگە بىنائەت خېلىغىچە ئەھۋاللاشتۇق ، سوراشتۇق . گەپ ئارىسىدا ئوقۇتقۇچۇمغا زەن سالدىم . ماڭا ئۇ ئىلگىرىكىدىن ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ، گەپ ـ سۆزلىرى ئىشەنچكە تولغانىدى . پارلاڭ قىلغاندا چىرايىدىن يۇمۇرلۇق تۈس ئۆكسىمەيتتى .

ئاڭغىچە خەلچەم ھەدە كىرىپ بىز بىلەن ئەھۋاللاشتى .

— لەغمەنلىرىڭلار پىشاي دېدىما ؟ ۋاھ ، مەنتىڭنى راست نوچى قايىنتىڭلار جۇمۇ ؟ غۇلجىلىق دېگەن مەنتاڭ ئىچمىسە ئۇنىمايدۇ ، مەنتاڭ !

— ئۇۋاش ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز ، — ھەدىمىز مېھمانلار خاپا بولۇپ قالمسۇن دەپ ئەنسىرىگەندەك ، كايىغاچ بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى . بىراق ، زوردۇنكام بوش كەلمەيتتى .

— راست دەيمەن ! ھىم ... !

قىزغىن پاراڭلار بىلەن سىنچاي ئىچتۇق . زوردۇنكامنىڭ قۇچىقىدا كەنجى پەرزەنتى كىچىككىنە نۇسرەت پىلتىڭلاپ ئويناپ ئولتۇراتتى . غۇجەخەمەتكام بالىنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى ، زوردۇنكام زوق بىلەن سۆزگە ئېغىز ئاچتى .

— بالىلىرىمنىڭ ئىسمى قالتىس جۇمۇ مېنىڭ ، بىرىنىڭ

ئىسمى مەلىكە ـ ئامانىسا ، بىرىنىڭ شاھ ـ مەشرەپ ، مەھمۇت ، سەن بىلىسەنا ئۇلارنى ؟ ( مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم ) مۇنۇ قاسا ـ ۋاسانىڭ ئىسمى نۇسرەت . قانداق ، ئىسمى ئالامەتمىكەن ؟ ئۇزىمۇ ئالامەت نەرسە بۇ ، ۋاھ ، بىردەم تىنچ تۇرمايدۇ ، قويۇپ بەرسە تېخى توپتوغرا يۈزنى مورلايدۇ !

ئۇخشىغان لەغمەن كىرگەندىن كېيىن نۇسرەت ئاپىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەندى . زوردۇنكام ئاڭغىچە شىرەگە قورۇما بىلەن شېشە ، رومكىنىمۇ پەيدا قىلغانىدى . ئۇستازىمنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىلىرى بىر نەچچە رەت يۈزۈمنى ئىچىۋالغان بولغاچقا ، « ئۇلپەتچىلىكنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق » دېگەن دانا ماقالىنىڭ ھىماتىدا ئالدىمغا كەلگەن نۆۋەتنى كوم قويۇۋەردىم . سۆھبەت بارغانسېرى شېرىنلىشىپ ، زوردۇنكامنىڭ بىرلا كىچىك پەنجىرىلىك ئۆيى ئاجايىپ يورۇپ كەتكەندەك بولدى . سۆز تولاراق ساھىبخاندىن ، ئاڭلاش ۋە سوراش بىزدىن ، بولماقتا ئىدى . مېنىڭمۇ ، بەلكىم غوجەخمەت يونۇس ئاكىنىڭمۇ ئەسلى مۇددىئايىمىز شۇ ئىدى .

ــ يېزىۋاتامسەن ؟ ــ دەپ سورىدى غوجەخمەت ئاكا سۆھبەت ئارىسىدا ، ــ چوڭراق بىرەر نەرسىگە تۇتۇش قىلمىدىڭمۇ ؟

ــ يېزىۋاتىمەن ، ــ دېدى زوردۇنكام ، ــ ھازىرچە ھېكايە يېزىۋاتىمەن . چوڭراق نەرسە كاللامدا بار ، پىشىۋاتىدۇ ، ھازىرچە مەخپىيرەك .

زوردۇنكامنىڭ « مەخپىيرەك » سۆزىنىڭ « رەك » قوشۇمچىسىنى سوزۇپ ، ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىشىدى ، غوجەخمەتكام ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈپ كەتتۇق . بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن كەڭ

كۆلەملىك دىۋالوگىيە ① — « ئىزدىنىش » يورۇقلۇققا چىققاندا مەن ئاندىن بۇ « رەك » قوشۇمچىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. ئىشىنىمەنكى، زوردۇنكام بۇ يېرىك ئەسىرى ئۈستىدە بىر نەچچە يىل ئەمەس، ئون – يىگىرمە يىللاپ ئويلانغان، تولغانغان.

ئارىلىقتا زوردۇنكام يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن بىر دەستە قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن قايسىدۇر قولیازمىنى ئايرىپ، غوجەخمەت يونۇسقا كۆرسەتتى. شۇ ئارىدا مېنىڭ دىققىتىمنى شىرە ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەر ئارىسىدىكى تۆت توپ ئورىگىنال قەغىزى تارتتى. ھەربىر توپ قەغەزدە بىر ھېكايە باشلانغان بولۇپ، گاھىسى جىقراق، گاھىسى ئازراق يېزىلغان، ھېچقايسىسى ئاياغلاشمىغاندى. ھېكايىلەرنىڭ ئىسمىلىرى مۇنداق ئىدى: « قەرزدار »، « ھۆرمەت ئازابى »، « قوبۇلخانىدا »، « يولدا ».

— ھە، قانداق مەھمۇت، ئەدەبىي موزدۇزمىكەنمەن؟ — نېرىقى ئۆيدىن چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن زوردۇنكام قولۇمدىكى ئورىگىناللارنى كۆرۈپ، قىزىقچىلىق قىلدى. خىجالەت بولۇپ ئورىگىناللارنى نېرىغا، جايىغا قويدۇم. ھەر ھالدا باشقىلارنىڭ پۈتمىگەن قولیازمىسىنى رۇخسەتسىز كۆرۈش ئەدەپتىن ئەمەستە!

بىراق، زوردۇنكام زادىلا رەنجىگەندەك قىياپەت ئىپادىلىمىدى. تېخى بايىقى گېپىگە ئۇلاپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ كەتتى.

— يازماقچى بولغان ھېكايىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىر يوللا، ئايرىم – ئايرىم قىلىپ باشلىۋالىمەن. قايسىسىغا ئىلھام كەلسە، تارتمىدىن شۇنى شارتتىدە ئېلىپ، يازىۋېرىمەن.

— ئەدەبىي مۇزدۇز دېگىنىڭ شۇ كەن – دە؟ —

① دىۋالوگىيە — ئىككى توملۇق رومان.

غۇجەخمەتكام كۈلۈپ سوردى، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بايا، ئېيتىلغاندىلا چۈشەنگەن بولسامۇ، قىزىقسىنىپ يەنە كۈلۈۋەتتىم. «ئىلى گېزىتى» مۇھەررىرى، ئاغىنىمىز ئابدۇكېرىم ھاشىمنى بىر باشلىغاندا ئالتە ـ يەتتە ھېكايىنى بىراقلا باشلىۋالىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ چاقچاق قىلىپ يۈرگىنىمۇ ھېلىمۇ يادىمدا.

غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زوردۇنكامنىڭ ھېلىقى يېڭى باشلانغان تۆت پارچە ھېكايىسىگە دائىم دىققەت قىلىپ يۈردۈم. «قوبۇلخاندا» ھېكايىسى كۆپ ئۆتمەيلا «شىنجاڭ گېزىتى» دە بېسىلىپ چىقتى. كېيىنچە «ھۆرمەت ئازابى» ناملىق ھېكايىنى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئېلان قىلدى. ئەمدى «قەرزدار» ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇشۇ يازمىلارنى ئوقۇپ ئولتۇرغان دوستلارنىڭ كۆپچىلىكىگە مەلۇملۇقتۇر. مەزكۇر ھېكايە مۆھتەرەم يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە شۇنداقلا ئىناۋىتىنى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن نادىر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەپنى يەنە زوردۇنكامنىڭ ئۆيىدىكى كۆڭۈللۈك سۆھبەت سورۇنىغا قايتۇرۇپ كېلەي. قىزىق، مەنىلىك پاراڭلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە غوجەخمەت يونۇس ئاكا پاراڭ باشلاش ئالدىدىكى ئادىتى بويىچە بىر زوردۇنكامغا، بىر ماڭا تىكىلىۋېلىپ، ئاندىن زوردۇنكامغا قاراپ پاراڭ قىلدى:

ـــ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە مەھمۇت ئىككىمىز بىر مۇنچە قىزىق قوشاقلارنى توقۇدۇق، ئاڭلاپ باقامسەن؟ قېنى، دەپ بەرگىنا، مەھمۇت!

ـــ ھە، ھە، قېنى قوشاق ئاڭلايلى، قوشاق!، ھىم ...، ـــ زوردۇنكام جىددىي بىر ئىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندەك يەڭلىرىنى



www.uyghurkitap.com

شۇمۇدەكلەپ ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويدى ، ئىككىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

ئىپىتىماقچى ، بۇ دورام ئۈرۈمچىگە كەلگۈچە غوجەخمەت يونۇس ئاكا بىلەن ئىككىمىز تەلكە ئىچىدىن باشلاپلا ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئېكسكورسىيە ئۆمىكىگە قاتنىشىپ يىگىلا قايتىپ كەلگەن غۇلجىلىق ئىككى قەلەمدىشىمىزگە بېغىشلانغان دوستانە ھەزىل قوشاقلارنى توقۇپ كەلگەنىدۇق .

تاغ بېشىدا قارىغاي ،
يول ئۈستىدە قارىماي ...

مەن قوشاقلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىسمىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم . غوجەخمەتكام ھەر بىر كۇپلېت قوشاق ھەققىدە ۋەقەلىك ئاساسىدا ئىزاھات بېرەتتى . زوردۇنكام بولسا سازدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ، بېشىنى سەل قاتايتىپ تىڭشىماقتا ، پات ـ پاتلا چىن كۆڭلىدىن راھەتلىنىپ كۈلمەكتە ئىدى .

قېنىاتامنىڭ ئۆيىدە ،
كەسمەيدۇ ياتاق بېلەت .
ئۈرۈمچىگە كېپ قويۇپ ،
بوپقالدۇق سۆرۈن تەلەت .

ئابلىز نازىرى دەيدۇ ،
گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم .
بىزنى يولغا سېقويدى ،
رەھمەت قىلسۇن خۇدايىم !

— ۋاھ ـ ھاي ، ئابلىزكامنىمۇ قېتىۋېتىپسىلەر ـ دە ھە ، ياۋاش قېرىنى ! — زوردۇنكام يەنە كۈلۈپ كەتتى ( ھېلى كۈلمىسۇن ! ) ، — بەلەن ، بەلەن ، ئامدان قوشاقلار كەن ، يەنە بارمۇ ، تۆگىدىمۇ ؟

مەن ئېسىمگە ئالالمىغاننى غوجەخمەتكام تولۇقلاپ ، « جەنۇب قوشاقلىرى » نى تۆگەل دەپ بولدۇق .

— مانا مۇشۇمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسمى ، — دېدى زوردۇنكام ، — ھازىر بىزگە بىلىنمىگىنى بىلەن ، كەلگۈسىدە قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئايلىنىدۇ بۇلار . لاشمان قوشاقلىرى ، سېپىل قوشاقلىرى ، سادىر پالۋان قوشاقلىرى دېگەنلەر مانا مۇشۇنداق بارلىققا كەلگەن . ئۆزلىرىمۇ توقۇغان ، خەلقمۇ توقۇغان ، ھەم قوشقان . بۇ قوشاقلارنى خاتىرىلىۋالدىڭمۇ ؟ ـ ھە ، تولۇق خاتىرىلەپ ساقلا ، كەلگۈسىدە ئەۋلادلار بۇ قوشاقلارنى ، بۇلارغا قوشۇپ سېنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ ...

ئادەتتىكىچە باشلانغان قوشاق ئوقۇشنىڭ ئاخىرى زوردۇنكامنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش ، رەتلەش ، ساقلاش ، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ھەققىدىكى ھاياجانلىق ، ئەستايىدىل ۋە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇھاكىمىسىگە ، بايانلىرىغا ئۇلاندى . يېڭىلا مۇشۇ ھەقتىكى يىغىنغا قاتناشقان ۋە بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان غوجەخمەت ئاكا ئىككىمىز مول بىلىم ، تەسەۋۋۇرغا توشقان پاراڭلارنى جىممىدە ئولتۇرۇپ ، زوقلىنىپ ئاڭلاۋاتقىنىمىزدا ئۆزىمىزنى گويا بولۇق مېۋىلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق .

زوردۇن سابىر ئاكا ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن تارتىپ ، بىز ئېغىز ئەدەبىياتى مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنىغا

قاتنىنشىپ ، زوردۇنكامنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ بارغانىنىڭ ئالدى ــ كەينىدە بولغان ئىككى ئىش ھەمىشە يادىمدىن چىقمايدۇ ــ بىرىنچىسى ، 1982 ـ يىلى بولغان ئىش . بۇ كەملەردە مەن غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلىدا مۇخبىرلىق قىلاتتىم . ئەدەبىي ئىجادىيەت مېنىڭ سۆيگەن كەسپىم ، مۇخبىرلىق بولسا تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى ۋە كۆپرەك خىزمەت ئېھتىياجىدىن بولۇۋاتاتتى . بىراق ، مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەم ھېكايە ھەم خەۋەر يېزىشنىڭ پايدىسىدىنمۇ زىيىنىنى كۆپرەك ھېس قىلماقتا ئىدىم . يازغان ھېكايىلىرىم بارغانسېرى ئاخبارات تىلىغا ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى . بەزىلەر ، ھەتتا بۇنى ئۆزۈمگىلا ئېيتقان ، مەنمۇ كۆڭلۈمدە بۇ ھالنى سېزىپ ، ئويلاپ بىئارام بولماقتا ئىدىم . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شۇ يىلى يازدا زوردۇنكام خىزمەت بىلەن غۇلجىغا كەلدى . مەن ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ، چۈشكەن يېرىنى سوراپ ، ئىزدەپ باراي دەپ تۇرغىچە بىر چۈشتىن كېيىن زوردۇنكام كوچىدا ، كۆككۆۋرۈكتە ① ئۇچراپ قالدى .

— سىنى كۆرگىنىم ياخشى بولدى ، — دېدى ئۇستازىم سالاملىشىشتىن كېيىن ، — ئۆزۈممۇ كەتكۈچە سىنى ئىزدەپ تېپىپ ، بىر گەپنى دەپ قوياي دەپ ئويلىۋىدىم . يازغانلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن ، كۆپ يېزىۋاتىسەن ، ياخشى يېزىۋاتىسەن ، لېكىن قارىسام يېقىندىن بېرىقى ھېكايىلىرىڭ سەل قۇرغاقلىشىپ قېلىۋاتىدۇ ، ئاخبارات تىلى بار . ئاڭلىسام رادىئو ئۇزېلىدا مۇخبىرلىق قىلىۋاتىدۇ دەيدۇ سىنى . شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلاي دېگىنىم ساڭا . مۇخبىرلىق يامان كەسىپ ئەمەس ، ئاخباراتمۇ بىر ئىلىم . بىراق ، سەن يازغۇچى بولىدىغان ئادەم ، قەلىمىڭدە ئۈمىد خېلىلا زور ، مېنىڭ مەسلىھەتىم ، سەن يازغۇچى بول ، مۇخبىر

---

① جاي ئىسمى

بولما. مۇخبىر بولىدىغانلار جىق چىقىدۇ، بازغۇچى تەستە چىقىدۇ، پۇلنى جىق بېرەمدۇ ـ يا خەۋەرگە؟ ئۇنداق قىلمايدىغۇ؟ ھازىر قەلەم ھەققىنىڭ تايىنى يوق تۇرسا! مېنىڭ گېپىمنى ئويلىشىپ باق.

ئۇستازىمنىڭ بۇ سەممىي مەسلىھەتى شۇ مىنۇتتا يۈرىكىمگە مەھكەم ئورنىدى. يەنى، ئىككىلىنىش ئىچىدە تۇرغىنىمدا، بۇ مەسلىھەت مەندە قەتئىي ئىرادە تىكلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خېلىلا چېكىنگەن ھېكايە تىلىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن ئىككى كىمنىڭ بىرىدىن پۈتۈمنى تارتىۋېلىشقا نىيەت قىلدىم ۋە نىھايەت 1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىر ئاماللار بىلەن غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە قايتا ئالمىشىپ، شۇ كۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىر پارچىمۇ خەۋەر يازمىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدا كەسكىنلىك بىلەن خەۋەر يېزىشتىن قول ئۈزۈپ، ئاخبارات ئورنىدىن ئالمىشىپ كېتىشىم بىرمۇنچە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان (چۈنكى رادىئو ئۈزېلىنىڭ شارائىت، تەمىناتى ياخشى، خىزمىتى يەڭگىل ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىمنى توسۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئېتىبار قىلىپ ئايدا 5 پارچىلا خەۋەر يېزىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرغانىدى) ھەمدە باشلىقىمنى رەنجىتكەنىدى. ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ ئەمەسمۇ! بۈگۈنكى كۈندە، ئاشۇ ئەينى چاغدا مەندىن رەنجىگەن، ھەيران قالغان ئادەملەر «شۇ چاغدا توغرا قىلغانىكەنسىز» دېيىشتى ۋە دېيىشمەكتە. مەن بولسام بۇ تۈپەيلى، مەرھۇم ئۇستازىم، كۆيۈمچان زوردۇن سابىردىن مىننەتدار بولسام ئەرزىيدۇ.

ئىككىنچى ئىش شۇكى، 1984 ـ يىلى زوردۇنكام يەنە بىر قېتىم غۇلجىغا كەلگىنىدە، مېنىڭدىن بىر سوئال سورىغانىدى:

— مەھمۇت، مەن سىنى ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىقتىكى شاگىرتىم دەپ ئېيتسام، ئاڭلىغانلارغا شۇنداق دەپ تونۇلۇرسام بولامدۇ؟

تەبىئىيكى بۇ سوئال مېنى ئىنتايىن شادلاندۇردى ۋە ھاياجانلاندۇردى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ زوردۇن‌كا، — دېدىم ئىنتىكلا، — سىزلا شۇنداق تونۇسىڭىز، بۇ مەن ئۈچۈن خۇشاللىق. چۈنكى، مەن سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ئۇستازىم، يەنە كېلىپ قوش ئۇستازىم دەپ ھېسابلايمەن.

زوردۇن‌كام جاۋابىمدىن مەمنۇن بولغاندەك كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھېچقاچان ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ كۈلمەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك چىن، سەمىمىي ئىدى.

مەن، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئۆزۈمنى شۇ غەيۇر زاتنىڭ تالانتسىز شاگىرتى دەپ ھېسابلايمەن.

مۇشۇ قۇرلارنى ھاياجاندىن ئالدىراپ يېزىۋاتقىنىمدا، يادىمغا يەنە قۇلۇنىنى ئىسكەۋاتقان، ئۇنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن غەم قىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار چىلان تورۇق كېلىپ، كۆز ئالدىمدا ئۇزاققىچە قادىلىپ تۇرۇۋالدى.

## 6

ئىنسان ھاياتىدا نۇرغۇن ۋەقەلەر، كەچۈرمىشلەر يۈز بەرسىمۇ، بىراق ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرلا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. 1985 ـ يىلى خوتەندە ئېچىلغان «يېزا تېمىسىدىكى ئەسەرلەر سۆھبەت يىغىنى» مەن ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمىدۇر.

قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىمدا ئەجدادلىرىمىز ماكانى

بولغان گۈزەل، بىپايان، جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆرگىنىممۇ شۇ ئىدى. مەن يىغىنغا ئۆزۈم يالغۇز ئاپتوموبىلدا نارات، بايىنبۇلاق يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتىم. مەقسىتىم، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن، كۆرمىگەن يۇرتلارنىڭ تەسىراتلىرىدىن يالغۇز، بەھرىمەن بولۇش ئىدى. سەپىرىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن كۇچاردا قوندۇق، كۇچارنى كۆرۈش مېنىڭ نۇقتىلىق ئارزۇلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. ئەتىسى ئاقسۇغا تەۋە بىر كۆكۈلسىز قونالغۇدا، كېچىدە، يۈز يۇيۇش ئورنىدا تاساددىپەن، خوتەنگە يىغىنغا كېتىۋاتقان مۇھەممەدجان راشىدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. قەشقەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇۋېلىش «رەزىل پىلانى» بىلەن غۇلجىدىن بىر نەچچە كۈن بالدۇر سەپەرگە چىققانىدىم. دېگەندەك قەشقەردىكى مېھماندوست كەسىپداشلارنىڭ خۇسۇمىتى بىلەن، بۇ ناخشىدەك گۈزەل ۋە مۇڭلۇق شەھەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدۇق.

خوتەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پروزا ئىجادىيىتىدە كۈچ كۆرسىتىۋاتقان پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش قەلەمكەشلەر جەم بولغانىدى. بىز غۇلجىدىن بەشەيلەن، ئابدۇراخمان قاھار، مۇھەممەدجان راشىدىن، مەمتىمىن ھوشۇر، ئابدۇكېرىم ھاشىم ۋە مەن بارغانىدۇق. يىغىندا مېنى ئالاھىدە خورسەن قىلغىنى ئۈچ ئادەمنىڭ، يەنى زۇنۇن قادىرى، تۇردى سامساق ۋە زوردۇن سابىرنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلىقى بولدى. زۇنۇنكام رەھمەتلىكمۇ نامى خالىسىي يوق، كۆڭلى دەريا بىر خىزىر سۈپەت سۆيۈملۈك ئادەم ئىدىغۇ! ئۇنىڭ خوتەن يىغىنىدا، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ ھەربىر ئوقۇلغان ئەسەر ھەققىدە ئاجايىپ ۋەزمىن، لوندىلىق پىكىرلەرنى توختىماي قىلغانلىقى ئېسىمگە چۈشسە ھازىرمۇ كۆزلىرىمگە ياش كېلىدۇ.

تۇردى سامساق ئاكىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىك پېئىل، ساددا، خۇش چاقچاقلىقى بىلەن مېنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىمگە نائىل ئىدى. ئۇمۇ، زۇنۇن قادىرمۇ ئۆزلىرى قۇراملىق بەزى بىرلەرگە ئوخشاش سۇربەت، مەمەدان، ھەمىشە باشقىلارغا ئامباللىق قىلسامىلا دەيدىغان بەدخۇيلاردىن خالىي، ئېسىل ئىنسانلار ئىدى.

— مەھمۇت، ئىنىم، — دېگەنىدى 1987 ـ يىلى تۇردى سامساق ئاكا قارىمايدا، — خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلىمۇ، ئاندىن كېيىنكى يىلىمۇ تولۇق ئەسەرلەر توپلىمىمنى نەشر قىلدۇرىمەن. شۇ توپلاملىرىمنىڭ ئالدىغا بېرىلىدىغان بەش ـ ئالتە پارچە سۆرەتنىمۇ ئويلىشىپ قويدۇم. ئىككىمىزنىڭ بىللە چۈشكەن سۆرىتىنى شۇلار قاتارىدا بەرمەكچىمەن. سىزچە قانداق؟! بەك ياخشى بولدى، ئەمىسە كېلىڭ، ھازىرلا شۇ سۆرەتكە چۈشۈۋالايلى.

نېمىلا دېگەنبىلەن، مېنى ھەممىدىن بەكرەك خۇشال قىلغىنى ئۇستازىم زوردۇن سابىرنىڭ خوتەندىكى بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقانلىقى بولدى. دېمەكچىمۇ بۇ دوراملىق يىغىن مابەينىدە زوردۇن ئاكا باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن، ئەستايىدىل، بولۇپمۇ يۇمۇرلۇق مىجەز ـ خۇلقى بىلەن بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەربىر جايلىرىدىن كەلگەن ئاپتورلار، ھەۋەسكارلارنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

— ھە مەھمۇت، راستىلا، مامىتان، پاراڭ سالسىلا ئاينا! قانداق، خوتەنچە ئالامەت سۆزلىۋېتەمدىمكەن؟ — كەلگەن كۈنىمىزلار زوردۇنكام چاقچاقنى باشلىدى. تاماقتىن كېيىن بىرنەچچىمىز ئۇنىڭ ياتىقىغا «پەتىلەپ» كىرگەندۇق. زوردۇنكام قولىدىكى خەنزۇچە بىر كىتابنى شىرەگە قويۇپ، پات ـ

www.uyghurkitap.com

پات كۆزەينىكنى كۆتۈرۈپ قويغىنىچە بىر بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ سۆھبىتىدە زادىلا قورۇنۇش ھېس قىلمايتتى.

گەپ بۇ قېتىمقى يىغىن، كەلگەن ئاپتورلار، يىغىن كۈنتەرتىپى، خوتەن ھەققىدىكى ساۋات خاراكتېرلىك پاراڭلار... ھەققىدە، بولماقتا ئىدى. زوردۇنكام خوتەن تارىخىغا ئائىت بىر مۇنچە قىممەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. سۆھبەت داۋامىدا ئىشلىك ھېلىدىن ـ ھېلىغا چېكىلىپ، يېڭىدىن ـ يېڭى پەتىچىلەر كىرىپ تۇراتتى. ياتاق ئىچىدە ئۇلتۇرغۇدەك، «قونغۇدەك» ئورۇنمۇ قالمىدى.

ـــ ۋاھ، كىرىۋېرەمسىلەرۋي، ـــ دېدى زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ باياتىن چىقىپ كېتىپ قايتا كىرگەن بىر نەچچىسىگە، ـــ ئەمدى كىرسەڭلار بېلەت سېتىپ كىرگۈزىمىز جۇمۇ!

ـــ سىلىنىڭ قىممەتلىك پاراڭلىرىنى بېلەت سېتىۋېلىپ ئاڭلىساقمۇ ئەرزىيدۇ زوردۇنكا، ـــ دېدى دەررۇ خوتەنلىك ھەۋەسكارلاردىن بىرى. زوردۇنكام ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈمسىرىدى.

كۆپچىلىك بار يەردە قىزىق ئىشلار كۆپ بولىدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچى، شائىرلار يىغىلىشلىرىدا خوتەنگە كەلگەن تۇنجى كۈنىمىزلا مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى ياتاقلارغا تەخسىملىگەندە مەرھۇم يازغۇچى تۇردى سامساق «زوردۇنكام بىلەن گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلاشقاچ بىر ياتاقتا ياتىمەن» دەپ ياتاق ئالغانىكەن. ئاخشىمى سائەت ئون بىرلەرگە يېقىن زالدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى. ئېتىنىك چىقسام ياتاق ـ ياتاقلاردىن يېرىم يالىڭاچ يازغۇچىلار باشلىرىنى

قۇشقاچتەك چىقىرىپ، بىر قولىدا كىيىم ـ كېچەكنى، بىر قولىدا سەپەر سومكىسىنى تۇتۇپ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆرە تۇرغان تۇردى سامساق ئاكىغا قارىشىپ، كۈلۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

— كىم زوردۇن بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدۇ؟ مەن ياتمايمەن، خورەكنى بەك تارتىدىكەن. يائاللا، مۇنداقمۇ تارتامدۇ!

بىردەملىك تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ئابدۇراخمان قاھار ئاكا پىدائىي بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

— بولدى، بۇ ئاداشنىڭ دەردىنى مەنلا تارتاي. تۇردىكا، سىز بۇياققا كىرىپ، مېنىڭ جايىمدا يېتىڭ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا پاراڭ ئاساسەن ئاخشامقى «خورەك پاجىئەسى» ئۈستىدىلا بولدى. زوردۇنكام بۇدۇگتەي ئولتۇرۇپ چاقچاقنى دۆڭ سوقاتتى.

— قانداق، ياماننىمىكەنمىز، خورەكنى بىر تارتىپلا تۇردىكامنى قاچۇرۇۋەتتۇققۇ، ھىم...

تۇردىكام بىر چەتتە كۈلگىنىچە، سورىغان ھەر بىر كىشىگە ئېرىنمەي خورەك ھەققىدە تەسىرلىك باياننى سۆزلەپ بېرەتتى.

— مەن تۇردىكامغا باشتا ئەسكەرتتىم ـ دە، — دەپ قىزىقچىلىق بىلەن سۆزلەيتتى زوردۇنكام، — «تۇردىكا، ئەمما لېكىن مەن خورەكنى بىزمۇ ئەمەس، خېلىلا تارتىپ قويىمەن جۇمۇ» دېدىم، ئەنە، ئىشەنمىدى، «ھەرقانچە خورەك تارتسىڭىز ××× چىلىك تارتارسىز» دېدى، مەن «ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىمەن» دېدىم، راستمۇ تۇردىكا؟

— راست، ××× تىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىكەن، — دېدى تۇردى سامساق.

— خورەك بالىسى مۇنداق چىقمايدۇ دېسىلە ئەمىسە، — دېدى مەمتىمىن ھوشۇرمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ. خورەك ھەققىدە

گەپ بولۇۋىدى، يادىمغا زوردۇنكامنىڭ يەنە بىر قىزىق پارىڭى كېلىپ قالدى. بىر قېتىملىق يىغىندا مەن زوردۇنكام بىلەن ھەمياتاق بوپقالدىم. ئەتىسى ئۇ مەندىن سورىدى:

— كېچىچە خورەك تارتتىممۇ، مەھمۇت؟

— ۋاھ، ئالامەت تارتىدىكەنسىز، — دېدىم راستىمنى ئېيتىپ، — خورىكىڭىزنى ھۆرمەت بىلەن تىڭشاپ ياتتىمغۇ.

زوردۇنكام كۈلۈپ كەتتى.

— سەن تارتمايسەن؟

— ۋاي تاڭ، — دېدىم ئىككىلىنىپ، — ئاز تولا تارتىمەنغۇ دەيمەن؟

— ما گېپىڭ جايىدا بولدى. باشتا سەن تارتتىڭ، ئاندىن مەن ئۇلىۋەتتىم.

ئەتىگەندە بىردەم خورەكنىڭ غەيۋىتى بولۇپ كەتتى.

— خورەك ئۈچ خىل بولىدۇ، — دېدى زوردۇنكام كۈلمەي، — لىرىكىلىق خورەك، ۋەقەلىك خورەك، پارتلاش خاراكتېرلىك خورەك.

— مېنىڭ قاندىقىكەن؟ — دەپ سورىدىم قىزىقىپ.

— سېنىڭ خورىكىڭ لىرىكىلىق خورەك، مۇزىكىدەك، ياۋاش ...

— ۋەقەلىك خورەك دېگىنىمىزچۇ، ئۇ قانداق بولىدۇ؟

— ۋەقەلىكما؟ بىردەم ئاستا، بىردەم ئۈستىلىك، بىردەم بوش، بىردەم قاتتىق بولىدۇ - دە، خۇددى ھېكايىنىڭ راۋاجىدەك.

— ئەمىسە سىزنىڭ خورىكىڭىزچۇ زوردۇنكا، سىزنىڭ قايسى خىلغا ياتىدۇ؟

— بىزنىڭما، ھىم ...، — دېدى زوردۇنكام جىددىي

ئەلپازدا، — بىزنىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك خورەك بولىدۇ - دە!

خوتەنىدىكى ھېكايىچىلىك يىغىنى ئىنتايىن مەزمۇنلۇق ۋە كۆڭۈللۈك بولدى. بىز ئاساسلىقى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئەسەر كۆزەتتۇق ۋە مۇھاكىمە، پىششىقلاش ئېلىپ باراتتۇق. ھەربىر ئاپتور يىغىننىڭ ئالدىن تەلەپ قىلغان ئۇقتۇرۇشى بويىچە بىردىن بىر نەچچىگىچە ئەسەر ئېلىپ كەلگەنىدى. يادىمدا قېلىشىچە، زوردۇنكام بۇ يىغىنغا «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» سەرلەۋھىلىك ھېكايىسىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ نۆۋىتى كەلگەندە گۇرۇپپىدا ھېكايىسىنى ئوقۇدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە پىكىر قاتناشتۇردى. ھېكايىنىڭ تىلى، ئالاھىدە ياخشى چىققانىدى. ھېكايىدە كەم دېگەندە بەش - ئالتە بەتلىك ئۇزۇم يېتىشتۇرۇش تېخنىكىسى ھەققىدىكى بايان بار ئىدى. كۆپچىلىك شۇ يېرىگە پىكىر بەردى.

— ئالامەت قىممەتلىك گەپلەر كەن سىلەرنىڭ ئەسەرلىرىڭ، — دېدى زوردۇن قادىرى كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتقىنىچە. ياشىنىپ قالغاندا كۆنلەپ تىك ئولتۇرماق ئوڭايمۇ، بىز ئۇنى زورلاپ ياتقۇزۇپ قوياتتۇق. ئەپلىك يېرى، مۇزاكىرىمىز ياتاقلاردىلا بولاتتى. زوردۇنكام ئۆزىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق مېھرىبان، يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن گېپىنى داۋام ئەتتى، — ياخشى بىر ئىلمىي ماقالىكەن جۇمۇ، يارايسەن، تۇرپانغا نېمانداق تولا بارىدىكىن دېسەم، باغۋەنچىلىكنى ئۆگىنىپسەن — دە!

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. زوردۇنكام كىچىك پېئىللىق بىلەن كۆپچىلىكنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ، قوبۇل قىلدى. ئايرىم يەرلىرىگە ئىزاھات بەردى. ئارىمىزدا ئۇ ھەممىدىن تالانتلىق، ھۆرمەتلىك بىر نەچچە ئادەمنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن يىغىن مابەينىدە كۆپچىلىك بىلەن ئوخشاش ئەستايىدىللىق بىلەن

مۇزاكىرىگە قاتنىشاتتى. يېڭىدىن يېزىشنى باشلىغان ھەۋەسكارلارنىڭ قورۇنۇپ ئوقۇغان ئاددىي ھېكايىلىرىنىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئارىلىقلاردا ئاپتورنى توختىتىپ، بەزى نەرسىلەرنى سورايتتى. «نان تېگىدىغان» پىكىرلەرنى بېرىپ، ئاپتورنى قايىل ۋە خۇشال قىلىشىۋېتەتتى.

«ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت» دېگەندەك بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرگە باي قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىمىزنىڭ ئاساسلىق قىسمى خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكوي دېگەن چىرايلىق يېزىسىدا ئىككى ھەپتە داۋاملاشتى. بىزنىڭ ھەر بىر كۈنىمىز ئەھمىيەتلىك پائالىيەت، كۆڭۈل ئېچىشلار بىلەن تولۇپ ـ تاشقانىدى. يىغىن داۋامىدا بىز خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ۋە نىيە ناھىيىلىرىدىن باشقا ناھىيىلىرىنى ئايلىنىپ چىقتۇق. نەگىلا بارساق قىزغىن ھۆرمەت، مول زىياپەت ۋە يېڭىدىن ـ يېڭى مەزمۇنلار بىزنى كۈلۈپ قارشى ئالاتتى. خوتەن خەلقى ھەققەتەن ئۆز يازغۇچى، شائىرلىرىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەنىدى.

ــ ئادەمنىڭ يىغلىغۇسى كېلىدۇ بەزىدە، ــ دېدى بىر قېتىم زوردۇنكام، ــ نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ياۋاش خەلق بۇ! قارىغىنا مەھمۇت، ئاۋۇ دېھقانلار بىزنىڭ ماشىنىلىرىمىز ئۆتۈپ كەتكۈچە ئىشلىرىنى توختىتىپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ قول باغلاپ تۇرىدا!

ھەر بىر ناھىيىگە بارغاندا بىز ئۆچۈن سىراپ، مول يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە زىياپەتلەر تەييارلاپ قويۇلاتتى. مېنىڭ گاھىدا كۈندۈزى يول بويى كۆرۈپ كەلگەن مۇلايىم، ئۇستۋاشلىرى ئوسال، زاغرىسى بەلگە چىگىلگەن دېھقانلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، گېلىم غىققىدە بولۇپ قالاتتى. كۈتۈلمىگەندە، بىر

قىتىملىق زىياپەتتە يېنىمدا ئولتۇرغان زوردۇنكام ئالدىدىكى ساپسېرىق پىشقان تونۇر كاۋىپىغا خىيالچان قاراپ ئولتۇرغىنىچە :

— ھەي ، بايقۇش ، بابا بىز كۆرگەن دېھقانلار مۇشۇ تونۇر كاۋىپىدىن راسا بىر يەۋالغان بولسا ـ ھە ، كەتمەننى باشتىن ئايلاندۇرۇپ گۇس ـ گۇس چاپماسمىدى !

مەن يالت ئېتىپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئاللىقانداق بىر سېزىم يۈرىكىمنى جىغ قىلىپ ئۆتتى .

مەلۇم ناھىيىدە چۈشلۈك تاماق چوڭ بىر باغقا ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى . باغ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىز گىلا چۈشلۈك تاماققا يىغىلغان دېھقانلارغا ، سەل نېرىدا تونۇر بېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن بىر نەچچە ئايالغا كۆزىمىز چۈشتى . ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ تىنجىق ئىسسىقىدا دەرەخلىك ئارىسىدىكى داستىخاندا كۆپ ئولتۇرالمىدۇق . بىز بىر نەچچىمىز تاماقنى نېرىدىن ـ بىرى يەپلا سالقىن يەرگە چاپتۇق . كۆزۈم تونۇر بېشىغا ئولىشىۋالغان بىر نەچچە ئەدىبلەرگە چۈشتى . ئەسلىدە تونۇردا دېھقانلار ئۈچۈن زاغرا يېقىلىۋاتقان بولۇپ ، پىشقىنىنى ئۇدۇللۇق ، نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلار ئېلىپ چۈشلۈك چېيىنى ئىچىۋاتقانىكەن . ناۋاينىڭ قولى سەل بوشاپ ، ئەمدىلىكتە بىزنىڭ يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى .

— ئۇستام ، قالتىس ئوخشىتىپسىز جۇمۇ بۇ زاغرا ناننى ، — دېدى زوردۇنكام يېرىلىپ پىشقان زاغرىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ .

ناۋاي قىزارغان مەڭىزلىرىنى پەرتۇغىدا ئېرتقاچ ، مۇلايىملىق بىلەن جىمايدى .

— ئەمدى ، كۆندە يېقىۋاتساق بۇنى !

— بۇ زاغرىنى بىز تېتىپ باقساق بولامدۇ ئۇستام . سىلەر يېگەن زاغرىنى بىزمۇ يەپ باقىلى .

— ۋاي بولمامدىغان ئەپەندىم. نەچچىنى ئالسىلا — ئالسىلا، — ناۋاي ھەم ھەيران قىلىپ، ھەم ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرى چاقنىغىنىچە ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. زوردۇنكام قولىدىكى زاغرىنىڭ چېتىدىن ئاۋايلاپ ئۇشتۇپ، مەمنۇنىيەت بىلەن ئاغزىغا سالدى، ھۇزۇرلىنىپ چاينىدى. يېنىدىكى بىر نەچچەيلەنگىمۇ بىر بوردا، بىر بوردىدىن ئۇزاتتى. قالغىنىنى ئاۋايلاپ يۆگەپ يانچۇقىغا سالدى. يىغىن ئەھلىمۇ، دېھقانلارمۇ بۇ قىممەتلىك كۆرۈنۈشكە ھاياجاندا، خىلمۇ خىل ھېسسىياتتا قارىشىپ تۇراتتى.

كىملەردۇر زىياپەت داستىخىنىدىن تونۇر كاۋىپى ئەپچىقىپ بىر نەچچە دېھقانغا بەردى. كىملەردۇر تونۇر بېشىدا ئويناۋاتقان كىچىك باللارغا پۇل تۇتقۇزدى.

ئاخشىمى ساھىبخان ناھىيە بىزنى ئورۇنلاشتۇرغان مېھمانخانىدا زوردۇنكامنىڭ ياتىقىدا بىز بىرنەچچەيلەن ھېلىقى زاغرىغا ئېغىز تەگدۇق. قالغان يېرىم زاغرىنى زوردۇنكام تارتمىغا سېلىپ قويدى.

— ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كېتىمەن، — دېدى ئۇ، — باللىرىمغا كۆرسىتىمەن، ئېغىز تەككۈزىمەن. ئۈرۈمچىدە، بۇدا ئېچىلىدىغان ياشلارنىڭ ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا بۇنى يېنىمغا قويۇپ تۇرۇپ سۆزلەيمەن. بىزنىڭ بەزى ياشلىرىمىز خەلقنىڭ ئارىسىغا كەلمەيدۇ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋېلىپ خىيالىغا كەلگەن نېمىنى يازىدۇ. شۇڭلاشقا يازغان نەرسىلىرى خەلققە تېتىمايدۇ، نەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىزدا تۈزەتمىسە بولمايدىغان ئەھۋال!

راست، ئۆزىنىڭ «ئېبە توپىلىق يول»، «قەرزدار»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «تارىم سۈيى كەينىگە

ئاقمايدۇ » قاتارلىق ئونلىغان ھېكايىلىرىدە ئاۋام خەلقنىڭ قەلبىنى ، مۇڭىنى تۇرمۇشىنى ئەينەن ، بوياقسىز يېزىپ ، سىزىپ كۆرسەتكەن بۇ خەلقپەرۋەر ئەدىب كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ، ئىچىنى سىقىۋاتقان پىكىرلەرنى ھەرقاچان ئەنە شۇنداق ياسىماي ، يوشۇرماي ئېيتاتتى . بەلكىم ئۇ شۇ پەزىلىتى بىلەن مىڭلىغانلارغا ياقىداندۇر . بەلكىم ، ئۇ شۇ مىجەزى تۈپەيلى بەزىلەرگە يامان كۆرۈنۈپ قالغان بولغىيدى .

خوتەندىكى كۈنلەردە زوردۇنكامنىڭ ياتىقى ھەمىشە ئاۋات بولۇپ تۇراتتى . يىغىن قاتناشقۇچىلىرىمۇ ، نە ـ نەلەردىن ئالايىتەن كەلگەن خوتەنلىك ئاپتور ، ھەۋەسكارلارمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق ، ئۇچۇر ، بىلىمگە باي ، يەنە كېلىپ قىزىقارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى . ئۇ قايسى تېمىدىن گەپ ئاچمىسۇن ئادەمنى قايىل قىلارلىق ھالدا سۆزلەيتتى . مىسال بىلەن سان ـ سىپىرلار بىلەن ، دەلىل ـ ئىسپاتى بىلەن سۆزلەيتتى . تۈرلۈك ئەقلىيە سۆزلەر ، نەقىللەرنى شۇنچىلىك مول ئالاتتى . يەنە كېلىپ ئۆز نۇقتىئىنەزەرنى يوشۇرماي بايان قىلاتتى . كېيىنكى يىللاردا مەن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە بارغانسېرى « ئېچىلىپ كېتىۋاتقان » لىقىنى ھېس قىلغاندىم .

خوتەندە تۇتقان خاتىرەمدە ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن كەلگەن پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر ھېلىمۇ ساقلانماقتا .

△يازغۇچى بولغان ئادەم ئوقۇشى كېرەك ، ناھايىتى كۆپ ئوقۇشى كېرەك . بىلىم ھېچكىمگە ، بولۇپمۇ يازغۇچىغا زادىلا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ .

△ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئۈچ شەرت كېرەك ، كۆپ ئوقۇش ، كۆپ يېزىش ، شەخسىيەتسىز ، غەرەزسىز ھالدا ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيۈش .

△خاتىرە يازغىن ، زېرىكمەي ، ئۇچرىغانىنى يازغىن . يېرىقچىلىقتا ئولتۇرغان چېغىڭدا ساڭا ھېچنېمە ياردەم قىلالمايدۇ ، پەقەت كاللاڭدا قېپقالغان ئەسلىمىلىرىڭ بىلەن ئاشۇ قالايمىقان بىر نېمىلەر بىلەن تولغان خاتىرەڭلا ئەسقاتىدۇ . گوگۇل ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق خاتىرىسىنى نېمىدەپ ئاتىغان ، بىلەمسەن ؟ ـ ھە « خەزىنە » دېگەن !

△ھەممە پىتنە ـ ئىغۋالارغا جاۋاب بېرىدىغىنى ئەمگەك ، ئاخىرقى ھېساباتتا ساڭا قېپقالىدىغىنىمۇ شۇ ئۆزۈڭ قىلغان ئەمگەك .

△ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەم ، ئۆزىنى تولا ماختايدۇ .

△ئۇسلۇب يارىتىش دېگەن نېمە ؟ ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كىيدۈرۈپ قويسا ، بۇ ئۇسلۇب بولامدۇ ؟ ياق بولمايدۇ . سېنىڭ يازغان ئەسىرىڭدىن ، كىتابىڭدىن بىر ۋاراقنى يىرتىۋېلىپ ، ئۇنى بىر كىمگە بەرسە ، ئۇ ئوقۇپ بېقىپ « ھە ، بۇ پالانىنىڭ ئەسىرىغۇ » دېسە ، مانا بۇ ئۇسلۇب . چېخوپ شۇنداققۇ ، گوگۇلمۇ شۇنداققۇ !

( مېنىڭ ئىزاھاتىم : كۆپچىلىك قوشۇلسا كېرەك ، زوردۇن سابىرمۇ شۇنداق ! )

△بىرىدە گاھىبىر شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى ، ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئىككى كۆزى دائىم باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكە ، كۆزىتىشكىلا يارالغان . ئۇلار ، ھەتتا خەلقنىڭ ئەدەبىياتىنىمۇ باشقىلاردىن قىزغىنىدۇ . ئۇلار سەن ياشىما ، مەنلا ياشاي ، مەنلا دېگىنىمنى قىلىپ ، ئالقىشقا كۆمۈلۈپ يۈرۈۋېرەي دەيدۇ .

...........

لاسكويدا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە ھەر كەچلىكى بىر ئورۇن بىزنىڭ شەرىپىمىزگە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ياكى زىياپەت

ئۆيۈشتۈرۈپ تۇراتتى . بۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىنىڭ ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرۇپ ، رەتكە تىزىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى . بۇنداق چاغلاردا ناخشا ، ئۇسسۇل تانسىدىن باشقا ئەدىبلەردىن شېئىر ئوقۇش ، دېكلاماتسىيە قىلىش ، يۇمۇر ، لەتىپە سۆزلەش تەلەپ قىلىنىپ ، كۆڭۈل تەرتىپكە كىرگۈزۈلەتتى . ياق دېيىشكە بولمايتتى ۋە ياق دېسىڭىزمۇ سەت تۇراتتى . چۈنكى ، خەقنىڭ نەزىرىدە سىز مەخسۇس شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ـ دە !

بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىشتا رىياسەتچى « ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم » قوزغاپ ، تۇيۇقسىزلا مېنى شېئىر ئوقۇشقا چاقىرىپ قالدى . ھودۇقۇپ كەتتىم ، تەييارلىقسىز ئىدىم . ئۇنىمۇ‌ئىدىم ، ئۇناشمىدى . ئۇ چاغلاردا كۆپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىر نېمە دېيىشتىن بەك ئۈركۈتتىم . ئامالسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بىر قۇر ئويلاندىم ـ دە ، يادىمغا كەلگەن بىر قىسقا شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلدىم . « ئەمەل ۋە دار » ناملىق بۇ شېئىرىم بار ـ يوقى ئىككىلا كۇپلېت بولۇپ ، تولۇق تېكستى مۇنداق ئىدى :

سۇر پىكاپتىن چۈشسەڭ كىرىلىپ ،  
تاس قاپتىمەن تونۇمىغىلى .  
ئۇقسام سېنى بۇرۇن سۆيگەنلەر ،  
ئەمدى بىزار ئىكەن كۆرگىلى .

ئۇنتۇدۇڭمۇ ، ئورۇق چېغىڭدا ،  
خەلق سېنى قىلغان ئەمەلدار .  
سېمىزلىكتىن يوقاتساڭ ئەسنى ،  
بىلىپ قويغىن ، ئەمەل دېگەن دار .①

① « قۇمۇل ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى 1983 ـ يىل 3 ـ 4 ـ سانىدا .

www.uyghurkitap.com

كىم بىلسۇن دەيسىز ، ۋەزىيەتنى ئادا قىلىش ئۇچۇنلا ئوقۇلغان بۇ شېئىر ماڭا كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەردى . كۆڭۈل ئېچىش ئاخىرلىشاي دېگەندە ، خېلىلا نامى بار بىر يازغۇچى مېنى ئەيىبلىگەندەك قۇلىقىمغا شىۋىرلىدى .

— سىزنىزە ، باشقا شېئىر ئوقۇماي ، قاراپ تۇرۇپ ئىككى زىياپەتنى يوق قىلدىڭىز !

گاڭگىراپلا قالدىم . دېگەندەك ئەتىسى ، ئۆگۈنى ئىككى كەچلىك كىمىز پائالىيەتسىز ئۆتتى . بەزىلەر ماڭا تەنە قىلىشتى . بەزىلەر « زىياپەتنى يوق قىلغۇچى قەھرىمان » دەپ چاقچاق قىلىشتى .

كېيىن ئۇقسام ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئولتۇرغان كاتتا رەھبەرلەرنىڭ بىرىگە شېئىرىم تېگىپ كېتىپتۇدەك ، شېئىرنى ئوقۇۋاتقاندا ئاڭسىز ھالدا شۇ جاناب تەرەپكە قاراپ سالغان بولسام كېرەك .

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن لاسكوي مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىدا زۇنۇن قادىرى مېنى شەرەتلەپ چاقىردى . ئۇنىڭ يېنىدا زوردۇنكام بار ئىدى .

— يامان نېمىكەنسەن جۇمۇ ، — دېدى زۇنۇنكام پىخىلداپ كۈلۈپ ، قولۇمنى تۇتقىنىچە ، — بىر شېئىر بىلەنلا ئىككى زىياپەتنى يوق قىپسەن . ھازىر زوردۇن ئىككىمىز شۇ گەپنى قىلىشىۋاتاتتۇق ...

گەپنىڭ ئاخىرى قانداق چىقار دەپ تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدىم .

— ھېلىغۇ ئىككى زىياپەتكەن ، يۈز زىياپەتنى يوق قىلىسمۇ ئەرزىگۈدەك شېئىر ئوقۇدۇڭ . قانداق دېدىم زوردۇن ؟ سەل يېنىكلەشتىم ، ئۇستازىمغا قارىدىم .

— بەزىلەر زىياپەتكە ئىمانچە ئامراقكىن تاڭ ، — دېدى زوردۇنكام ، — بىز بۇ يەرگە يېگىلى ، ئىچكىلى كەلمىدۇق ، ئىجادىيەتنىڭ جاپاسىنى تارتقىلى كەلدۇق - تە !

— ھېلىقى باشلىقمۇ ، ئۆزىدە ھېچ گەپ بولمىسا نېمىگە قۇداڭشىپ كېتىدۇ ، — زونۇنكام ئۆزىنىڭ گېپىنى تولۇقلىدى .

— سەن ئەتەي قىلغىنىڭ يوق ، بىراق سەن خاتا قىلمىدىڭ ، — دېدى زوردۇنكام ماڭا تەسەللى بېرىپ ، — يازغۇچى ، شائىر دېگەن دەيدىغان گەپنى دېيىش كېرەك . بىر ئادەم رەنجىسە ، نۇرغۇن ئادەم خۇشال بولىدۇ .

ئۆگۈندىن باشلاپ زىياپەت ۋە باشقا پائالىيەتلىرىمىز ئەسلىگە كەلدى .

خوتەندە بولغان كۈنلىرىمىزدە زوردۇنكامنىڭ قىلغان قىزىق گەپلىرىمۇ يادىمدىن كۆتۈرۈلمەي كەلمەكتە .

ھەر كۈنى ئېكىسكۇرسىيە ياكى كۆتۈۋېلىشقا بارغان يەرلىرىمىزدە ئەلۋەتتە تانسا كەم بولمايتتى . مەن زوردۇنكامنىڭ تانسا ئوينىغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم . بىر قېتىم تانسىدا ئۇنىڭدىن سورىدىم .

— زوردۇنكا ، نېمىشقا تانسا ئوينىمايسىز ، بىلمەمسىز - يا ؟

— نېمە دەيدۇ ، ۋاھ ، تانسا دېگەننى تىتتۇۋېتىمەن !

— ئەمىسە ئوينىمامسىز .

زوردۇنكام كۈلۈمسىرىدى :

— بىر ئوبدان تانسىنى تىتتۇەتمەي دەيمەنا !

بۇرادىرىم ئابدۇكېرىم ھاشىم ئىلگىرى تانسا ئويناشنى بىلمەيتتىكەن ، خوتەندىكى كۈنلەردە ئالىمجان ئىسمائىل ئاكا ئىككىمىز دەۋەت قىلىۋېرىپ ئۇنى تانسا مەيدانىغا چۈشۈردۇق . يەنە بىر تەرەپتىن قوشاق قېتىپ ، ئۇنىڭغا دوستانە ھەزىل قىلاتتۇق :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ يېزىنىڭ ئىسمى توساللا ،
ئابدۇكېرىم تانسا ئويىنار ئوساللا .
بۇ يەرنىڭ ئېتى سامپۇل ،
پىرقىراپ كەتتى ئابدۇكېرىم خامتۇل .

— پاھ ، پاھ ، — دېدى زوردۇنكام بىر ئەتىگەنلىك چايدا بۇ قوشاقلارنى ئاڭلاپ ، — قوشاق ئەمەس قىپقىزىل ئاھانەتقۇ ، بۇ !

— ئاھانەتنىڭمۇ رەڭگى بولامدا ؟ ، — دەپ چاقچاق قىلىپ سورىدى بىرسى .

— رەڭگى بولمىسا ئاھانەتلىكنى قانداق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ ؟ — دېدى زوردۇنكاممۇ بوش كەلمەي دەررۇلا .

ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا زوقلىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

قارىقاش ناھىيىسىدە بىر قېتىم سۆھبەت ئارا زوردۇنكام خوتەنلىك بىر ئاپتورنىڭ بېشىدىكى يارىشىملىق تەلپەكنى ئېلىپ كىيىۋېدى ، بۇرۇتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئاجايىپ يارىشىپ كەتتى . بىزمۇ ھەممىمىز تۇشمۇ تۇشتىن ماختىشىپ كەتتۇق .

— سىزگە قالتىس يارىشىدىكەن زوردۇنكا ، نوچىسىدىن بىرنى ئېلىڭا !

زوردۇنكام تەلپەك كىيگەن بېشىنى ھەييارلارچە سەل سىڭايان قىلىۋېلىپ ، خوتەن شېۋىسىدە سۆزلىدى :

— ئالىمىز ئاينا ، ئامقانتا ، تازا ئېسىلىدىن بىينى تېپىپ بىرىسىز - ھە ، مەتىمىن ئابدىۋىلى ؟ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ، قىشتا نوچى پەلتۇغا پارلاپ كىيىمىز - دە ، دوڭكۈرۈكتە مۇنداق ماڭتىمىز .

ئاشۇنداق كۆڭلى دەريا ، مىجەزى ئالتۇن ئادەم ئارىمىزدىن

بىمەھەل كېتىپ قالدى ـ ھە ! ؟

## 7

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرى زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى تازا گۈللەنگەن مەزگىل بولدى . كاتتا ئەسەر ، ئىككى توملۇق « ئىزدىنىش » رومانى نەشردىن چىقتى . « سۇبھى » ، « ۋاپادار » ، « خەيرلىك ئىش » ، « خىيال ۋە سايە » ، « كەچكۈز » قاتارلىق پوۋېستلىرى ئېلان قىلىندى . يەنە يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش ، تەپەككۇر روھىغا باي بىرمۇنچە ئەدىبىي ئاخباراتلىرى ۋە تېما جەھەتتىن دۆلەت ھالقىغان ( « سىرلىق ئادەملەر گىلا » « ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان » ، « ھاجىم توغرىسىدا ئېغىۋالار » دېگەندەك ) ھېكايىلىرىمۇ جەمئىيەتتە ، كىتابخانلار قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى .

« ئىزدىنىش » رومانى بىر كاتتا ئېپوس . ئۇ بىر دەۋرنىڭ ، شۇنداقلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مۇرەككەپ ، ئەگرى ـ توقاي ۋە مۇڭلۇق تارىخىدۇر ، يۈرتىمىزنىڭ شەجەرىسىدۇر . مەن بۇ رومانىنى ( شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان 1 ـ تومى ۋە شۇ نەشرىيات چىقارغان « چولپان » مەجمۇئەسىگە بېسىلغان بابمۇ بابلىرىنى ) ئاجايىپ زور ئىشتىياق ۋە قايىللىق ئارىلاش سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئوقۇغانىدىم . 1988 ـ يىللىرى بولسا كېرەك ، غۇلجا شەھىرىنىڭ 4 ـ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان كونا بىنانىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى ئۆيۈمدە زوردۇنكام تەكلىپىمگە ئاساسەن مېھماندارچىلىقتا بولدى . سورۇندا ئەينى چاغدىكى بىرنەچچە ساۋاقداشلار ۋە كەسپداش ئاغىنىلەرمۇ بار ئىدى . ئۇ مەزگىللەردە زوردۇنكام ھاراقنى خېلىلا ئىچىپ قوياتتى

ۋە ئارىلاپ، پەيزى تۇتۇپ كەتسە قولنى ئىزىغا ئۇرۇپ خىرگايى ناخشىلارغا غىڭشىپمۇ كېتەتتى. ئېسىمدە قىلىشىچە سورۇندىكىلەر ھەدېسىلا ئۇنى گەپكە تۇتۇپ، سوئال سوراپ، بىرەرمۇ ناخشىسىنى تولۇق ئېيتقىلى قويمىدى. بولمىسا ئۆيۈمدە، شۇ تاپتا زوردۇنكامنىڭ يېنىغىلا تىكلەكلىك، ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ بىر دۇتار بار ئىدى.

— ھە قېنى، گەپ قىلىڭلارە، مەن قېرىنى كولدۇرلىتىپ، ئاغزىمنى تاتىلاپ گەپكە سالاي دەۋاتسىلەرغۇ، — دېدى زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، — سەنزە مەھمۇت، مېنى ئۆيۈڭگە زىياپەتكە ئەمەس، گەپ قىلدۇرىدىغانغا قىچقىرىپتىكەنسەن – دە، – ھە؟

پاراڭنىڭ، سوئاللارنىڭ تېمىسى ئاساسەن «ئىزدىنىش» ئۈستىدە بولماقتا. ھەممەيلەننىڭ بۇ رومانىنىڭ پروتوتىپلىرى ھەققىدە، جەمئىيەتتە مەزكۇر رومانغا باغلىنىشلىق ئېقىپ يۈرگەن گەپ – سۆزلەرنىڭ راست – يالغانلىقى ھەققىدە بىلگۈسى، ئاپتور ئاغزىدىن ھەققىي، كىتابقا يېزىلمىغان تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىغۇ كېلەتتى.

نىھايەت زوردۇنكام بارغانسېرى ئىشتىياقى بىلەن پاراڭغا بېرىلدى.

— «ئىزدىنىش» تىكى ۋەقەلىكلەرنى ئاساسەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە، توقۇلمىمۇ بار. بەدىئىي توقۇلمىسىز ئەسەر تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرالايدىغان ئەسەر بولالىشى ناتايىن. ھەر ئىككىلا قىسمىدىكى ئەلا، مېنىڭ سۆرىتىم. ئاساسلىق سۈژىت ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈر يولۇمدىن ئېلىنغان. بىراق، بەدىئىي توقۇلمىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ۋە ئەپچىل گىرەلەشتۈرۈلدى. باشقا پېرسوناژلار مۇشۇ، بىز لەنجۇغا بارغان

بەش ئاغىنە ئىدۇق. كىتابتا شۇ بەشەيلەن بار، بىراق ئىسىملىرىدىن تارتىپ، خاراكتېرلىرىغىچە ئالماشقان، يېڭىلانغان، جەمئىيەتتە ئادەم شۇنچىلا كۆپ. بىر ـ بىرسىگە ئوخشايدىغانلارمۇ تولا. يازغۇچى ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئالىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ھەتتا توقۇپ چىقىرىدۇ ـ دە!

بەزىلەر «ئىزدىنىش» تىن قۇسۇر ئىزدىگەندە، كىچىككىنە ئىشلارغا ئېسىلىۋالدى. مەسىلەن، ئەلا ئادىلە بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قالدى، بىراق ھېچ ئىش بولمىدى. ئۇلار مۇشۇ ئىشتىن رازى ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر خاراكتېرى ئەمەسمىش. ئەمىسە ئۇيغۇر خاراكتېرى دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار ئەلانىڭ قىزغا چېقىلالمىغانلىقىنى، ياق، توغرىسى چېقىلمىغانلىقىنى قوبۇل قىلالمىدى. گەپ كىتابتا ئەمەس، كىتابتىكىنى ھەزىم قىلالمىغان شۇ ئادەملەردە. ئۇ ئادەملەر مېنىڭ پېرسوناژلىرىمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى چۈشىنەلمىدى. كىتابخانلاردىغۇ ئەيىب يوق، بىراق تەنقىدچىلەرگە نېمە بولدى؟ ئۇلار چۈشىنىشى، باشقىلارغا ھايات ھەقىقىتىنى، ئەلانىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئىنتىلىشنى بەدىئىي قانۇنىيەت ئارقىلىق، ئېستېتىكا نۇقتىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك ئىدى.

شۇ كۈنى زوردۇنكام بىزنىڭكىدە قونۇپ قالدى. خېلى ۋاقىتقىچە ئىككىمىز چاي ئىچكەچ، سورۇندىكى پاراڭلارنىڭ داۋامىنى قىلىشتۇق.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قولۇمدىكى ئىشلار سەل بوشىسا «ئىزدىنىش» نىڭ 3 ـ قىسمىنى يازغۇم بار، — دېدى زوردۇنكام ماڭا، — ھە، ئويلاپ قويدۇم، رەقىبنى ياخشى ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىمەن. ئۇ قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆزى ئەسكىلىك قىلغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سورايدۇ،

ھە ، يىغلاپ تۇرۇپ ئەپۇ سورايدۇ . قانداق دەيسەن ، توغرىسى ئۇنى مەن ، مېنىڭ قەلىمىم ئەمەس ، ھايات ئۆزگەرتىدۇ ، ھايات !

ئەسلىمەمنىڭ مۇشۇ بابىنى يېزىش داۋامىدا زوردۇنكامنىڭ « باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر » ناملىق كىتابىنى يەنە بىرقېتىم مۇپەسسەل ۋاراقلاپ چىقتىم . پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي « ياۋروپاغا سەپەر » ، « ئەرەب يېرىم ئارىلىدا » ، « باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر » ، « ئىنساپ » قاتارلىق ئېسىل يالداما ئەسەرلەر كۆڭلۈمنى تېخىمۇ ئېزىۋەتتى . يادىمغا مەرھۇم ئۇستازىمنىڭ ھەرخىل سورۇن ، سۆھبەتلەردە قىلىپ بەرگەن پاراڭلىرى ، قايناپ ، قىزىشىپ قىلغان مۇھاكىمىلىرى تىزىلىپ كەلدى .

ــ « ھاجىم توغرىسىدا ئېغىۋالار » مېنىڭ مەككىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمدىن پۈتۈلگەن . بۇنى ھېكايە دېسىمۇ بولىدۇ ، ئەدەبىي ئاخبارات دېسىمۇ بولىدۇ . بۇ ئەسىرىمدە مەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق ھەققىدە توختالماقچىغۇ !

ــ چەت ئەل تېمىسىدىمۇ يېزىپ باقتىم . گېرمانىيىدىكى ئاغىنىلەرمۇ ئوقۇپ بېقىپ ، ياخشى يېزىپسەن دېيىشتى . مېنىڭچە ئەدەبىيات ئىنسانلارغا ئورتاق نەرسە ، يازسا بولىدۇ .

ــ « ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان » ناملىق ھېكايەمدىكى ياكۇپ ، يوداس ، ماركۇس ، ھەيدى قاتارلىقلار ھەممىسلا مەن كۆرگەن ، كۆزەتكەن ئادەملەر . ئۇلار بىزگە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ . ھە ، ياكۇپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئوقۇدۇڭلارمۇ ؟ « بىز ئىشسىز ، شۇڭا قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ھەممىدىن كۆپ ! » مانا بۇ روھ ئالىيجاناب ئىنسان روھى !

مۆھتىرەم كىتابخانلار رۇخسەت قىلسا ، ھەممىمىز ئۈچۈن ئەزىز يازغۇچى زوردۇن سابىرنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەش يۈزىسىدىن شۇ تاپتا ئەدىبنىڭ « باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر »

كىتابىدىكى يەتتە پارچە ئەسەرنىڭ ھەربىرىدىن ئۆزۈمگە ياققان ئىبارىلەرنى مۇشۇ قۇرلار داۋامىغا يالداما سۈپىتىدە قوندۇرماقچىمەن .

△خىيال چېگرا سىزىقنى ئېتىراپ قىلمىغىنىغا ئوخشاش ، مۇھەببەتمۇ ھېچقانداق سىزىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ . ئۇ شۇنداق بىر ئەجايىپ كۈچ ( « سىزىق ئادەملەرگىلا » ) .

△— يىغلىما ، ئۇ ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلدى .

— ياق ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلدى .

— ئىككىسى بىر گەپ ، — دېدى ماركۇس سالماقلىق بىلەن ، — ھەقىقەت بىلەن مۇھەببەت ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇلمىغىنى بىلەن ، ئىككىسى بىر گەپ !

( « ئىشسىزلار تېخىمۇ ئىشچان » )

△ ... مەن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي سۇندۇم . بەچچىغەر ، پىيالىگە جان كىرىپ ، قولۇمدىن يەرگە چۈشتى . چاي تېنىمنى كۆيدۈردى . ئۇ نازۇك قوللىرىدا پۈركەنجىنىڭ ئېتىكى بىلەن تىزىمنى سۈرتتى . ئۇنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى ، يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدىشى ئاڭلاندى . ئۇنىڭ سۈزۈك بارماقلىرى قۇللىرىمغا تەگدى ... مەن بىھوشلاندىم .

( « ئىنساپ » )

△مەرتىۋىلىك چوڭ ئادەملەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى غەيۋەتكە ئايلىنالمىغىنىدەك ، ئۇششاق ـ چۈشەك ئادەملەر ئۈستىدىكى غەيۋەتلەرنىڭ ھەممىسىمۇ ھەقىقەتكە ئايلىنالايدۇ » .

( « ھاجىم توغرىسىدا ئېغۋالار » )

△... بىز ئۆزىمىزنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەرنى دائىم ئالدايمىز . ئۇلارغا يالغان سۆزلەيمىز . بايلىرىغىمۇ ، گادايلىرىغىمۇ ، ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغانلىرىغىمۇ ، يامان كۆرىدىغانلىرىغىمۇ شۇنداق

قىلىمىز .

( « باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر » )

△ئىنسانلار ئۆچۈن خىزمەت قىلىش ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئويلاش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس . بەزىلەر بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلىسا تەنە قىلىپ كۈلىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ گەپنى قۇرۇق گەپ ، ئومۇمى شوئار دەپ قارايدۇ ، لېكىن ھاياتىدا مۇشۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمىغان ئادەملەرمۇ ئۆتكەن . ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار .

... ھايات شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى كەشپ قىلغان : ھالال ئەمگەك بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغانلار ھامان ئۆلمەيدۇ .

( « ياۋروپاغا سەپەر » )

△ئىنسان بىر ئاتا ، بىر ئانىدىن تارالغانۇ ، يىللار ئۆتۈپ ئۇلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ، خۇددى ياۋايىلار توپىدەك بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش ، گۇرۇھ ، مىللەت ، تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن . ئەسلىدە قېرىنداش بولۇپ يارالغان ئادەملەرنى بۇنداق كېلىشكىلى بولمايدىغان ماجىرا ۋە قىرغىنلارغا باشلىغان زادى قانداق بىر كۈچ ؟ مەن ئويلايمەنكى ، بۇ كۈچنى تەبىئەت ئەمەس ، ئىسلامىيەت ئەمەس ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى پەيدا قىلغان .

( « ئەرەب يېرىم ئارىلىدا » )

زوردۇن سابىر مىللىتىمىزنىڭ يېتىلگەن ، مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىسى بولۇش شەرىپىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ، ئىزدىنىشچان ئەمگىكى ، تىرىشىپ ئىگىلىگەن مول بىلىمى ۋە ۋەتەن ، خەلققە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئادەم . بىز ئۇنىڭ يىگىرمە يىلغا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا يۈز

پارچىگە يېقىن ھېكايە ، ئۇندەك پوۋېست ، يەتتە رومان ۋە بىر تالاي ئىلمىي ماقالا ، ئەدەبىي خاتىرىلەرنى يازغانلىقىغا ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىغىلا ئەمەس ، مەسىلىنىڭ يەنە مۇھىم ئىككى تەرىپىگىمۇ ، يەنى ، بىرىنچىدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز تىلى ، ئۆز دىلى ، قەلب ساداسىغا ئايلانغانلىقىغا ، ئىككىنچىدىن ياش ئەدەبىياتچىلارنى تەربىيىلەش ، يېتىشتۈرۈشتە ئەدىبنىڭ ئۆزى ۋە ئەسەرلىرى ئاجايىپ زور ئىجابىي ، تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ، بۇ تالانتلىق ئەمگەكچىگە قايىللىقىمىز ، ھۆرمىتىمىز ھەر سائەت ، ھەر مىنۇتتا ئېشىپ بارىدۇ .

— بىز ئىلىمدىكى ياش پرۇزا كۈچلىرى ھەممىمىز ئۇستاز زوردۇنكامنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئىزدەنگۈچىلەر ، — دېگەنىدى مېنىڭ بىر قەلەمكەش ئاغىنەم بىر قېتىم مەلۇم بىر سورۇندا ئىپتىخار بىلەن .

بۇنداق سۆزنى قىلغۇچىلار يالغۇز ئىلى دىيارىدىكى ياش قەلەمكەشلەرلا ئەمەس . تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراپ باقايلى :

ھۆرمەتلىك زوردۇن ئاكا :

... بىز دولان قەلەمكەشلىرى سىزنىڭ سەممىي شاگىرتلىرىڭىز بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ، شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىمىزنى ۋە سىزگە بولغان ئالىي ھۆرمىتىمىزنى قانداق ئىپادە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپتىمىز .

... سىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇشۇ زېمىنغا ئۈچ قېتىم كېلىپ ، ھەر قېتىمدا بىر نەچچە ئايدىن تۇرۇپ ، مۇشۇ خاسىيەتلىك زېمىن ۋە مۇشۇ زېمىندىكى ئادەملەر بىلەن ، جۈملىدىن مىللەتنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى

دېھقانلار بىلەن چوڭقۇر سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ تەقدىر ــ ئىستىقبالىغا خۇددى ئۆز تەقدىرىڭىزگە كۆڭۈل بۆلگەندەك، ئەستايىدىللىق بىلەن قارىغان بىردىنبىر يازغۇچىسىز. شۇڭا بۇ يەردىكى خەلق سىزنى «ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىسى» دەپ قارايدۇ.

... سىز ھەر قاچان بىزدەك ياش قەلەمكەشلەردىن باشتىن ـ ئاياغ، بارلىقىنى مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جان كۆيدۇرۇپ ئىشلەشنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىڭىز ھەم ئاۋۋال ئۆزىڭىز باشلامچىلىق بىلەن شۇنداق ئىشلىدىڭىز. سىزنىڭ بۇ خىل تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل روھىڭىز، «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بارلىق كەسىپداشلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

سىزگە چىن قەلبىمىزدىن سالامەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

دولان قەلەمكەشلىرى نامىدىن

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

1997 ــ يىل، سېنتەبىر ①

ئۈرۈمچىدە، خوتەندە، قەشقەردە، تۇرپاندا ... خۇللاس شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار بىلەن يۇقىرىقىدەك سەمىمىي، مۇھەببەتلىك خىتابلارنى ياڭرىتىدىغان ياش قەلەم ئېگىلىرى، ئىشەنچىم كامىلكى ناھايىتى نۇرغۇن!

بۇ سۆزلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئوتتۇرىلىقتا ئالايىتەن قىلىۋاتىمەنكى، زوردۇنكام ئەزەلدىن خالىس، كەڭ قورساق،

---

① قىسقارتىلىپ، نەقىللەر ئېلىندى. («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1997 ــ يىلى 6 ــ سانىغا قارالسۇن)



uyghurkitap.com كىتاب ئۇيغۇر

قىزغىنلىق بىلەن ياش كۈچلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە ، ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزدا ئۈمىدلىك نوتىلارنىڭ ، خۇش پۇراق غۇنچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى .

1982 ـ يىلى مەن غۇلجا شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلىدا مۇخبىرلىق قىلىۋاتاتتىم . بىر كۈنى ئىلى 1 ـ سىفەن مەكتىپىنىڭ ( هازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ) ئەدەبىيات فاكۇلتېتى شۇ كۈنلەردە غۇلجىدا تۇرۇۋاتقان زوردۇن سابىرنى لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن تاسادىپىي خەۋەر تاپتىم . مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ ، راستلىقىنى بىلدىم ـ دە ، رادىئو ئۇزېل رەھبەرلىكى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، زوردۇنكامنىڭ لېكسىيىسىنى ئۈنئالغۇدا خاتىرىلىۋالىدىغان ، ئۆزىنى ئايرىم زىيارەت قىلىپ ، ئىككىسىنى قوشۇپ ئەدەبىي ئاڭلىتىش پىروگراممىمىزدە قويىدىغان بولۇپ كېلىشتىم .

بەلگىلەنگەن كۈنى مەن ھەم مۇخبىرلىق ، ھەم تىڭشارمەنلىك سالاھىيىتى بىلەن لېكسىيە زالىغا يېتىپ باردىم . مېنىڭ ئېلىپ بارغىنىم كۆرۈنۈشى پاتېفۇنغا ئوخشايدىغان ، تاسما لېنتىلىق ئەپسىز ئۈنئالغۇ ئىدى . ئۇنى ئىشلىتىشنىمۇ دېگەندەك بىلىپ كەتمەيتتىم . مەن بىردەم توختاپ قالغان ئۈنئالغۇنى ئوڭشايمەن دەپ ، بىردەم زوردۇنكامنىڭ لېكسىيىسىنى تولۇق تىڭشايمەن دەپ جىددىيلىشىپ كەتتىم . نېمىلا دېگەنبىلەن ، لېنتىغا ئېلىنغان سۆزنى ئايرىپ تىڭشاش ، نەق مەيداندا ناتىقنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن تىڭشاشتەك ئۈنۈملۈك ۋە قىزىقارلىق بولمايدۇ ـ دە . راستتىنلا ، تېخى ئارىلىقتا زوردۇنكامنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ، ھەربىر مەزمۇنلارنىڭ كىچىك تېمىلىرىنى ، ئۆزۈم زۆرۈر دەپ قارىغان ئەقلىيە سۆز ، سان ـ سىپىرلارنى مۇخبىرلىق

دەپتىرىمگە تېز خاتىرىلەپمۇ ماڭماقتا ئىدىم. ئۇستازىمنىڭ شۇ تاپتا قىلىۋاتقان ھەربىر ئېغىز سۆزىنى تەشنالىق بىلەن تىڭشاپ، كۆڭۈل قېتىمغا مەھكەم قوندۇرۇۋېلىشقا تەقەززا ئىدىم. ھەقىقەتەنمۇ، زوردۇنكام ئۇ كۈنى لېكسىيىنى كارامەت ياخشى سۆزلىدى. ئۇ خۇددى ھېكايە ئېيتقاندەك ياكى كۆڭۈلدىكى ئادەملىرى بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك ئالدىرىماي تەپسىلىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى، قاراشلىرىنى، ياشلاردىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى بايان قىلاتتى. زال تىمتاس، نەچچە يۈز جۈپ كۆزلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن، پەقەت قەلەملەر كىتىرلاپ، قىممەتلىك بايانلاردىن ئىز قالدۇرماقتا ئىدى. زوردۇنكام ياش ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى، كۆپ كىتاب ئوقۇشى، تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۈزىتىش ۋە جاپالىق، تەكرار مەشق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاساسلىق، قايتا ـ قايتا قەيت قىلدى. ئارىلىقتا مېنى مەسىلىگە ئالدى. ئۇ بولۇپمۇ ئەدەبىيات كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان ھەربىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم بىر شەرتنى يەنى ئەدەبىياتقا چىن قەلبىدىن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. دېمەك كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن «ئۆزىنى بېغىشلاش» روھى ھەققىدىكى، تەلەپنى مەن ئاشۇ يىللاردا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم.

— يازغۇچىلىق — مەنسەپ ئەمەس، ئىمتىياز ئەمەس، باي بولۇشنىڭ، كۆپ پۇل، بايلىق تېپىشنىڭ ۋاستىسى ھەم ئەمەس. تارىختىن بۇيانقى ھېچ بىر بۈيۈك يازغۇچى، شائىر باي بولۇپ باققان ئەمەس، ئەڭ بولمىغاندا قەلەم ھەققىدىن بېيىغان ئەمەس. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بالزاك ئۆمۈر بويى قەرزدارلىقتا ئۆتكەن يازغۇچى، ھە، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىمۇ قەرزىنى تۆلەپ

تۇگــتــەلمگەن . دوستويېۋسكيمۇ شۇ ، دېمەك ئەدەبىياتنى چىن دىلــىدىــن سۆيــگــەنــدىلا ، ئۇنــىڭ بارلىق مۇشەققەت ۋە جىمجىت ئەمگــەكــىگــە بــەرداشــلــىق بــېــرەلــگــەندىلا ، ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئىجادىيەتنىڭ شېرىن ئازابىغا بېغىشلىغاندىلا ، ئاندىن ھەقىقىي بىر يــازغــۇچى ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئەدەبىي ئىجادكار بولغىلى بولىدۇ .

بــۇ قــايــنــاق ســۆزلــەر ھېــلىمۇ 1982 ـ ، 1983 ـ يىللىرىدىكى خــاتــىرە دەپتىرىمدە سىياھىنىڭ رەڭگى ئۆڭگەن ھالدا تىركەگلىك تــۇرۇپــتــۇ . ئەمــمــا ، ئۇنىڭ تەسىراتى ، چوڭقۇر مەنىسى يۈرىكىمگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ ، يېلىنجاپ تۇرماقتا .

ئاشــۇ ۋاقــىــتــتــىــن بــاشلاپ تاكى زوردۇنكام ۋاپات بولغانغا قــەدەر ، كــۆپ قــېــتــىــم ئۇنــىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى كۆز قــاراش ، تــەھلــىــلــلــىــرىــنــى بــىــۋاســىــتــە ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم ، ماقالىلىرىنى ئوقۇدۇم . بولۇپمۇ ھەر خىل پائالىيەتلەردە ، يازغۇچىلار جــەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدا ئۇ ئاددىي ئەمما مەنىلىك ، قىسقا ئەمــمــا مــېــغــىــزلــىــق ســاددا ئەمــمــا ئۆتــكــۈر سۆزلىرى بىلەن كەڭ كــەســىــپــداشلارنــى ، شۇ قاتاردا مېنى قايىل ۋە خۇرسەن قىلاتتى . بــولــۇپــمــۇ 1989 ـ يىلى ، يەنى ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يــازغــۇچــىلار جــەمئــىــيــىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن ۋە خىزمەت تەقسىماتى بويىچە كەسپىي يازغۇچىلار خىزمىتى ھەمــدە يــاش ئاپــتــورلارنــىــڭ تــەربــىــيــلىنىشىگە مەسئۇل بولغاندىن ئېــتــىــبارەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ، گۈللىنىشى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇردى ۋە تولغاندى . ئۆزىنى شەخسىيەتسىز ، ھەقــىــقــىــي ھالــدا ئەدەبــىــيــاتــقــا بــېغىشلايدىغان ، ئۈمىدلىك قەلەم ئىــگــىلىرىنى بايقاش ، يېتەكلەش يولىدا تىنىمسىز ئەجىر قىلغانىدى . بــۇ يــولــدا ، ئۇ ئۆزىــمــۇ چــۆپــقــەتــچــىــلــىــك ، يۇرتۋازلىق قاتارلىق

ئىللەتلەردىن نامامەن خالىي هالدا مۇددىئاسىز، تەمەنناسىز غەيرەت كۆرسەتتى.

— بىزنىڭ ئىلىمنىڭ باللىرى كۈچلۈك. بىراق، سەلەي سەل، هۇرۇن، — دېگەنىدى ئۇ بىر قېتىم غۇلجىدا، — ئىشنى قىلساڭلار تازا ياخشى قىلىسىلەر، ئەمما ئويۇنغا كۆپرەك بېرىلىپ كېتىسىلەر. سىجىل جاپا تارتىش روھىڭلار كەمرەك - تە!

سەل تۇرۇۋېلىپ ئۇ بىزنى رەنجىپ قالمىسۇن دېدىمۇ، قوشۇپ قويدى:

— خۇددى ماڭا ئوخشاش - تە!

ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشنى زادىلا خالىمايتتى ۋە شۇڭلاشقا بولسا كېرەك، تەنقىدىي خاراكتېرلىك پىكىرلىرىنى تولا هاللاردا هەزىل، يۇمۇر بىلەن ئىپادە قىلاتتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم، كېيىنكى چاغلاردا زوردۇنكام ئۈمىدلىك قەلەم ئېگىلىرىدىن بىرنەچچىسىگە ئالاهىدە، نۇقتىلىق غەمخورلۇق قىلغان، ئۇلارغا بىلىم ئاشۇرۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش، سۈپەتلىك ئەسەر ئىجاد قىلىش ۋە باشقىمۇ جەھەتلەردە يار - يۆلەكتە بولغانىدى. مەرھۇمنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى شۇ كىشىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇماس دەپ ئويلايمەن!

بىراق ...، بولدىلا، بۇ يەردە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرماي. ئۇستازنىڭ روهى قورۇنۇپ قالمىسۇن.

ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش! بۇ نۇقتىنى زوردۇنكام تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە تالاي - تالاي قېتىم تەكىتلىدى، بۇ ئېسىل روهنى مىللەت ئەدەبىياتىغا كۆيۈنگەن، جاۋابكار بولغان هالدا ئۇلۇغلاپ تەشۋىق قىلدى. بۇ توغرىسىدا كېيىن يەنە ئايرىم توختىلارمەن.

زوردۇن سابىر ئاكا ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىدىكى

ئىنتىپاقلىق ، ھەمدەملىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى . كرىلوفنىڭ «بورى بىلەن قوزىچاق» ناملىق مەسەلىدە :

ئەيىبىڭ شۇكى ، ئۇچراپ قالدىڭ
ئاچ قالغاندا ؛
شۇنداق قىلىپ قوزىچاقنى
يېدى جاڭگالدا .

دېيىلگىنىدەك ، بەزى ئادەملەر ئالدىدا ئۇنىڭ تالانتلىق بوپقالغىنى «ئەيب» ، «جىنايەت» ھېسابلانغانىدى . بىز پات ــ پاتلا زوردۇنكامنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق كاشىلىغا يولۇققانلىقى ، قۇرۇق سۆز ، قۇرۇق تۆھمەتكە قالغانلىقى توغرىسىدا گەپ ــ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق ، ئەنسىرەيتتۇق ، ئىچىمىز سىقىلاتتى . بىراق ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغلىرىمىزدا ئۇ زادىلا ، ئۆزىنى پۇتلاپ يۈرگەنلەر ئۈستىدىن غەيۋەت شىكايەت قىلمايتتى ، ناھايىتى نېرى كەتسە شۇنداق بەندىلەرنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن مەسخىرە قىلىپ قوياتتى .

بىر قېتىم ئۇنىڭ مۇنداق دېگىنى يادىمدا :

ــ يازغۇچىلار ئارىسىدا ، قېرىنداشلار ئارىسىدا پىكىر ئىختىلابلىرىنىڭ بولۇشى نورمال ھادىسە . لېكىن ، بۇ نورماللىققا بىر تېخى كۆنۈكمىدۇق . ھەدېسىلا «دۈشمەن ، ئىككى گورۇھ مەۋجۇت» دەپ ئارىغا كىرىپ زۇغۇيلۇق قىلغۇچىلار ، قوترانقۇچىلار چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ خىل ئادەملەر شۇنى بىلىشى كېرەككى ، پىكىر ئىختىلاپلىرىغا يول قويۇش كېرەك . ۋاقىت ، ئەمەلىيەت ئۇلارغا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ .

يەنە بىر قېتىم ، بىر سورۇندا گەپ ئارىسىدا ئۇ شۇنداق دېگەنىدى :

ــ تېيىپجىنكام قالتىس شائىر جۇمۇ . «زومۇ زو دۈشمەن

ياساپ يۇرمەيلى دۇشمەن بولمىسا » ! پاھ، كۆردىڭما؟ بىزدىكى بەزى ئاغىنىلەر بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە يەتسە بولاتتى.

گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەي. ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن زوردۇنكامنىڭمۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق كەمچىلىكلىرى بار بولغىيدى، ئەلۋەتتە، دۇنيادا خاتالاشمايدىغان، كەمچىلىك ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق، نى داھىيلارمۇ خاتالىق ئۆتكۈزىدىغۇ، ئىنسان گاھىدا ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئەيىبلىرى بىلەنمۇ مۇكەممەل، سۆيۈملۈك. بىراق، ئەڭ مۇھىمى ئادەمدە يۈرەك تازا، نىيەت خالىس بولۇشى كېرەك. ئۇلتۇرسا ـ قوپسا خەقنى يۇتلاشنىلا، رەزىللىك ھىسابىغا نەپسىنى بورداشنىلا ئويلايدىغان ئادەملەرنىڭ يا يۇرتقا، يا خەلققە پايدىسى يوق. ئىشىنىمەنكى، خەلقىمىز زوردۇن سابىرنى بۇ جەھەتلەردىن پاك ۋە ساپ دەپ باھالايدۇ. مۆھتەرەم ئەدىبىمىز چىن دۇنياغا كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا كۆرەلمەسلىك قىلغان، ئورا كولىغان گاھىبىر جانابلار، مەمەدانلىق قىلىپ پۇت ئاتقان ئايرىم تەنتەكلەر ئۆز قىلغانلىرىغا ۋىجدان، كۆڭۈللىرىدە بولسىمۇ پەرياد چېكىدىغاندۇر ! ؟

1989 ـ يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 4 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا شۆبە جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى سەككىز يىللىق خىزمىتى ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئېزدەنگەن ئاساستا خۇلاسىلەندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى غۇلغۇلا قىلىندى. قىسقىسى، ئۇرۇمچى تەنتەربىيە مېھمانخانىسىدا ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتاي قىزغىن، جىددىي ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك

ئۆتكۈزۈلدى.

4 ـ قېتىملىق يازغۇچىلار قۇرۇلتىيى ئېچىلغان بۇ ۋاقىت، زوردۇن سابىرنىڭ ئىناۋىتى كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا، خەلقىمىز ئارىسىدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىمۇ مۇئەييەن شۆھرەت قازانغان مەزگىل ئىدى. قېرىنداش مىللەتلەر ئارا داڭقى تارالغان، ئەسەرلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەنىدى. كەسپىي خىزمەت ساھەسىدە پائالىيەتچان، قەلەمداشلار ئارا ئىناۋەتلىك بۇ زاتنى نۇرغۇنلىغان كەسىپداشلار ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ رەئىسى بولسا دېگەن تىلەكتە بولۇۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى. رەھبەرلىكمۇ زوردۇن سابىر ئاكىنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئويلاشقانىكەن، ئۇ كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن بۇ نۆۋەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. قالغان ئەھۋاللارنى يازغۇچىلار 4 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئەدىبلەر ۋە يىغىن جەريانىدىن خەۋەردار كەسىپداشلار ياخشى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

مېنىڭ بۇ يەردە بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىن، ۋەتەن، خەلقىنىڭ خاسىيەتلىك ئىشلىرى يولىدا قېتىرقىنىپ، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن شەخسىيەتسىز خىزمەت قىلغان، تۆھپە ياراتقان ئادەملەر باشقىلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆز كەسىپداشلىرىنىڭ ئىشەنچ، ھۆرمىتىگە، دەۋرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك.

## 8

كۆنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ، تەبىئەت ئۆزىنىڭ تۈگىمەس ئويۇنىنى ئويناۋەردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە

بالىلىق بەگۋاشلىقلىرىمىز قايسى تاغنىڭغۇر كەينىگە مۆكۈپ ، ئۆتتەك ياشلىقىمۇ ھەۋەسلەر ، ئارزۇلار ئىلكىدە بىر قەدەم ، بىر قەدەمدىن ئۇزاپ ، ئۆمۈرنىڭ قىرىق نەچچە باھار ، ياز ، كۈز ، قىشىنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمىزنى تۇيماي قاپتىمىز . تېخى ئاخشاملا زوردۇن سابىر مۇئەللىمنىڭ سەبىي ، ھەۋەسكار شاگىرتى ئىدۇق ئەمدىلىكتە ، گېزى كەلسە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلپەتلىشىپ قويىدىغان ، ھەتتا تەڭ ـ تۇرا مۇنازىرە ، مۇھاكىمىلىشىپ يۈرىدىغان كەسىپدىشىغا ئايلىنىپ قاپتىمىز . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، كىتابنىڭ قېتىدا ساقلاپ يۈرگەن ، قۇرۇتۇلغان گۈلگە ئوخشاش ، ئۇ ئۇستازىمىنىڭ ئەينى يىللاردىكى قىياپىتى ، سالاپىتى ، گەپ ـ سۆزلىرى .. خۇللاس ، ھۆرمىتى قاچانلا بولمىسۇن ، نەدىلا ئۇچراتمايلى ، يۈرىكىمنىڭ تەكتىدىن ئۇرغۇپ چىقاتتى .

90 ـ يىللار زوردۇنكامنىڭ مول ، سۈپەتلىك ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن يىللىرى بولدى . راست بۇ يىللاردا ئۇ ئالدىراش ئىشلىدى . تاكامۇللاشقان ، خاسلاشقان ، يۈرۈشلەشكەن بىر قاتار ئەسەرلەرنى يازدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدا « كەچ كۈز » گە ئوخشاش نادىر پوۋېستلار ، « تۇمان » ناملىق دراما ، تىلى يەڭگىل ۋە چوچۇك « ئانا » رومانى ۋە باشقىلار بار ئىدى . ئۇ يەنە چەت ئەللەرگە سەپەر قىلدى . زېھنى ، پىكرى ئېچىلدى . نەزەر دائىرىسى ئاجايىپ كېڭەيدى . يەنە ھاجىمۇ بولدى . ھەرقېتىم مەن ئۇرۇمچىگە بارسام ياكى ئۇستازىم ئانا يۇرتىغا كەلسە ئۇنىڭدا بىر يېڭىلىقنى ، بىر مەنىۋى قۇۋۋەتنى سېزەتتىم . پاراڭلىرىنى تەشنالىق بىلەن تىڭشايتتىم . ئۇنىڭدىن ئىجادىيىتىمگە كېرەكلىك قىممەتلىك بىلىملەرنى ، شۇنداقلا بىر قەيسەر روھنى ئۆگىنەتتىم .

1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىياتىر كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى . بىز بۇ كۆرەككە جاپپار قاسىم يازغان ئىلى

ۋىلايەتلىك دراما ئۆمىكى ئورۇندىغان، «ۋىجدان سوتى ئالدىدا» دراممىسىنى ئىلىپ بارغانىدۇق. ئەنە شۇ غەنىيمەت كۈنلەردە زوردۇنكام بىلەن يەنە بىر نەچچە قېتىم ھەمسورۇن، ھەمسۆھبەت بولۇشتۇق. ئۇنىڭ يېقىملىق، كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان خۇش پاراڭلىرىنى ئاڭلىدۇق. كۆرەك ئىشتىپاق تىياتىرخانىسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، زوردۇنكام بوش ۋاقىتلىرىدا ئىشتىپاق تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىدىكى شاھماتخانىغا كىلىپ شاھمات ئويناپتتىكەن. شۇ يەردە بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك (چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا) ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. مەن ئۇنىڭ شاھمات مەستانىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا شاھمات ئوينىشىغا نەچچە قېتىم قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ شاھمات ئوينىغان چاغدىكى قىياپىتى، گەپ ـ سۆزلىرى يەنىلا شۇ بۇرۇنقىدەك، ئەينى يىللاردا غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە شاھمات ئوينىغان ۋاقىتلىرىدىكىدەك قىزغىن، قىزىقارلىق، يېقىملىق ئىدى.

كۆرەك مەزگىلىدە زوردۇنكام بىز بىرنەچچەيلەننى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىۋالدى. بىزنى خۇش بولسۇن دەپ ئۇرۇمچىدىكى بىرنەچچە يېقىنلىرىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ بىر ـ ئىككى ئاغىنىسىنى چاقىرغانىدى. كۆكۈللۈك، شېرىن ئولپەتچىلىكىمىز ساھىبخانىنىڭ پايىپتەك بولۇپ كۆتۈشى، قىزىق پاراڭلىرى بىلەن تېخىمۇ قىزىپ كەتتۇق. ئابدۇساتتار ناسىرى ئاكا ئىككىمىز بەس ـ بەستە يۇمۇر سۆزلىدۇق، كىمدۇر بىرى دۇتار چالدى. بىنا ئۆيىنى بىشىمىزغا كىيىپ «ئىلى ناخشىلىرى» نىڭ چېكىنى چىقىرىۋەتتۇق.

شۇ كۈنى زوردۇنكام بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ ھازىر يېزىۋاتقان ئەسەرلىرى ۋە كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. مېنى ئۇنىڭ پىلانلىرى قىزىقتۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دىيىشىچە « 44 ــ ھويلىدىكى كىشىلەر ① » ناملىق بىر چاقىقانىغىنا كىتاب يېزىش خىيالى بار ئىكەن، ھەدىگەندە ئاز تولا باشلاپمۇ قويۇپتۇ ھەم ( بۇ كىتاب تۇغرىسىدا ئۇكىيىنمۇ، ۋاپاتىدىن سەل ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم پاراڭ قىلىپ بەرگەنىدى. ئېھتىمال، شۇ كەملەرگىچە يېزىپ پۈتتۈرگەن بولغىيدى ). 44 ــ نومۇرلۇق قورۇدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەرھۇم ۋە ھايات ۋەكىللىرى ياشىغان، شۇلار ھەقتە، ئۇلارنىڭ ئىش ــ ئىزلىرى، كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە يېزىلغان بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقسا، جەزمەن كىتابخانلارنىڭ زوقىنى قوزغىماي قالمايتتى.

ــ ئەڭ كاتتا پىلانىم، تۆت توملۇق « زېمىن سۆيگۈسى » ناملىق كىتاب، ــ دىگەنىدى زوردۇنكام ھاياجان بىلەن بىر گە، ــ بۇ كىتابقا ئۇزۇن يىللىق تەييارلىقىم بار. ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇممۇ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋېلىش. بۇ ــ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى بىرقەدەر مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىدىغان يىرىك ئەسەر. مۇشۇ كىتابىمنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋالساملا، ئاندىن ھېچنېمە يازمايتتىم. يېزىقچىلىقتىن پېنسىيىگە چىقاتتىم.

زوردۇنكام ئادىتى بويىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇمۇرلۇق قىلىپ تۈگەتتى، بىز ئۇنىڭ ياخشى تىلىكىنىڭ تېزرەك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللىلا « شۇ ئەسەرنى يېزىۋالساملا، ئاندىن ھېچنېمە يازمايمەن » دەپ « ئاغزىنى ئۇشۇتمەسلىكىنى » ئاللا بۇيرۇسا ئۇنىڭ تېخى تالاي ــ تالاي ئەسەرلەرنى يازىدىغانلىقىنى، خەلق

---

① ئۇرۇمچى يەنئەن يولى 44 ــ قورۇ، شىئۇئا رئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى، يەنى مەرھۇم ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان جاي.

شۇنى كۆتىدىغانلىقنى بەس ـ بەستە دېيىشتۇق . زوردۇنكام جاۋابەن چىرايىغا يەنە يۇمۇرلۇق كۈلكە يۈگۈرتتى :

— قىرىپ قالدۇق ، قېرىپ ، ئىغىنىلەر ① ،

« ئەللىك ، سەندىن كەتتى مەنلىك ،

ئاتمىش ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ كەتمىش »

دېگەن ، ھىم ...

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن زوردۇنكام ھەر يىلى ياز ، كۈز مەۋسۇملىرىدە « زېمىن سۆيگۈسى » ( كېيىن بۇ كىتابنىڭ نامى « ئانا يۇرت » قا ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۈچ توم بىلەن تاماملاندى ) ناملىق كاتتا ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن غۇلجىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى . غۇلجىغا كەلسە ئۇ ، تۇغۇلغان يېزىسىدا ، ئۇ يەردىكى ئىشنى تۈگەتسە شەھەردە ، مېھمانخانىدا تۇراتتى . باش كۆتۈرمەي يېزىقچىلىق قىلاتتى ، ئەمما شاھماتنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى . ئۇنى كەپتۇ دەپ ئاڭلىغان ھامانلا ئىزدەپ باراتتۇق ، قىنىپ مۇڭدىشۋالاتتۇق . يەنە گوڭۇر ـ موڭۇر سۆھبەت سورۇنى قۇرۇشقا ئۇنىڭ بوش ۋاقتىنى سۇرۇشتۇرەتتۇق . ئۇنى ئىزدەيدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى . ئىلىدا ، غۇلجىدا مەرىپەتلىك ئىنسانلار كۆپ ، ھەر ساھەدىن تېپىلىدۇ . زوردۇن سابىرنىڭ تۆت توملۇق تارىخىي رومان يېزىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان تىجارەتچىلەردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ھەرخىل پايدىلىق ، ئوڭۇشلۇق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىش ئىستەكلىرىنى ئىزھار قىلىشقانلىقلىرى يادىمدا . مەسىلەن ، « غۇلجا شەھەرلىك ياشلار مېھمانخانىسى » ۋە « شاۋكەت ئابدۇش ھاجىم سارىيى » بىر نەچچە يىل داۋامىدا زوردۇنكامنىڭ كىتاب يېزىش داۋامىدىكى ياتاق ، تاماقنى ھەقسىز تەمىنلەشكە دائىم تەييار تۇرغانىدى .

---

① ئاغىنىلەر دېمەكچى .

www.uyghurkitap.com

— بۇ باللار ئادەمنى خىجالەت قىلىپ قويىدۇ ، — دېگەندى بىر قېتىم زوردۇنكام ماڭا ، — ياتىقىدا ياتسام ، ئامىقىنى يېسەم بولىدۇ . لېكىن ، پۇل ئالغىلى ئۇنىمايدىغىنى چاتاق . ئۇنداق قىلسا خىجالەت بولىمەن ـ دە . قارا ، مېنىڭ پۇلۇم بار ، مائاشىم ، كاماندىروپكام بار دېسەممۇ ئۇناشمايدۇ . ئاخىر ، « بوپتۇ ، ياتىقىڭلاردا ياتسام ياتاي ، ئەمما تاماققا پۇل تۆلىمىسەم بولمايدۇ . ئۇنىمىغىنىڭمۇ ئۇنىمىساڭلار مېهمانخاناڭلاردا ياتمايمەن . پىرام يېڭىتامغىلا ① كېتىمەن » دەپ بىر پوپوزا قىلىۋىدىم ، تاماق پۇلىنى ئالدى .

— بىزنىڭ تىجارەتچىلىرىمىز ئىلىم ـ پەننىڭ قەدرىنى بىلىدۇ ، رىقابەتكىمۇ سەزگۈر ، — دېدى ئۇ يەنە بىر كۈنى ، يەنى 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ، — شاۋكەت ئابدۇش هاجىم ئىسسىلىپ تۇرۇۋېلىۋالدى ، كۆڭلى دەريا بالا ، « كىتابىڭىزنى بىزنىڭ مېهمانخانىدا تۇرۇپ پۈتتۈرۈڭ ، ئاخىرىغا ، مۇمكىن بولسا 〈 غۇلجا شەھەر ، شاۋكەت ئابدۇش هاجىم سارىيىدا يېزىپ تاماملاندى 〉 دەپ يېزىپ قويسىڭىزكەن » دەپ ئىلتىماس قىلدى . ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم . دېمىسىمۇ كىتابنى ئاشۇ يەردە يېزىپ پۈتتۈردۈم ـ دە !

1996 ـ يىلى غۇلجا ناهىيىسىنىڭ يېڭىتام يېزىسىدا داغدۇغىلىق كاتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلدى . ئانا يېزىسىدا بولۇۋاتقان بۇ مەرىكىگە ئەزىز مېهمانلار قاتارىدا زوردۇنكاممۇ قاتناشقانىدى . شۇ كۈنى مەن خەلقنىڭ ئۆز يازغۇچىسىغا بولغان ئالىي هۆرمىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . يېڭىتاملىق دېهقانلار توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ ، زوردۇنكام بىلەن كۆرۈشەتتى ، ئىسسىنلىك سورىشاتتى . بىر ـ بىرىگە زوردۇنكامنى

---

① غۇلجا ناهىيە يېڭىتام يېزىسى ، يازغۇچىنىڭ يۇرتى .

كۆرسىتىشىپ بەخىر . سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنىڭ تەرپىنى قىلىشاتتى . يازغۇچىنىڭ ئۆزلىرى ئوقۇغان ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلىشەتتى . يالغۇز يېڭىتامىلىقلار ، مۇراتلىقلارلا ① ئەمەس ، مەشرەپكە كەلگەن غۇلجا ناھىيىسىنىڭ يىراق ـ يېقىن يېزا ، مەھەللىلىرىدىن كەلگەن ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چوڭ باغنى دەۋرىتىۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئەدىبكە ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى .

يېڭىتامىدىكى مەشرەپكە مەن « سالام بەرسەڭ دېھقانغا بەر ئەڭ ئاۋۋال » دېگەن يېڭى شېئىرىمنى ئالغاچ چىققانىدىم . نۆۋىتىم كەلگەندە تەكلىپ بىلەن « گۈلچاي » نىڭ جاۋابى سۈپىتىدە بۇ شېئىرىمنى ئوقۇپ بەردىم . مەشرەپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن زوردۇنكام شېئىرىم ھەققىدە مەمنۇنىيەت بىلەن پاراڭ قىلدى :

— شېئىرىڭ ياخشى يېزىلىپتۇ مەھمۇت ، مېنىڭ ئۆپچۆرەمدە ئولتۇرغان دېھقانلار ماختىشىپ كەتتى . توغرا ، دېھقانلار ھەققىدە كۆپ يېزىش ، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنى ئۇلۇغلاش كېرەك .

ئۇستازىمىنىڭ ماختىشى — مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇكاپات ئىدى . مەشرەپتىن كېيىنكى تۈزۈلگەن مېھمانلار سورۇنىدا مەن كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە شېئىرنى يەنە بىر رەت ئوقۇدۇم :

سالام بەرسەڭ دېھقانغا بەر ئەڭ ئاۋۋال ،
ناخشا ئېيتساڭ كۈيلە ئاۋۋال دېھقاننى .
شائىر بولۇپ يازار بولساڭ يېڭى كۈي ،
دېھقاننى ياز ، دېھقان دېگەن ئىشچاننى .

... ... ...

① مۇرات مەھەللە ، يېڭىتامىدىكى يازغۇچى تۇغۇلغان مەھەللە .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈل تېرىساڭ دېھقانغا سۇن دەستەگىنى ،
سۆيگۈ چاچساڭ چاچقىن تامام دېھقانغا .
بوۋاڭ دېھقان ئاتاڭ دېھقان سەن دېھقان
خاستۇر جىمى يۈكسەك سالام ، دېھقانغا .

يامغۇر بولساڭ دېھقانغا ياغ تومۇزدا ،
دەريا بولساڭ دېھقان ئۈچۈن ئاق مەڭگۈ .
دېھقان ئۈچۈن يىغلا ، دېھقان ئۈچۈن كۈل ،
ئىنسان بولساڭ دېھقانغا دىل ياق مەڭگۈ .
... ... ...

يېڭىتامدىكى مېھمانلار سورۇنى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، بىر بىر نەچچىمىزگە مۇرات مەھەللىسىدىن مېھماندارچىلىق تەكلىپى كېلىپ قالدى . زوردۇنكامنىڭ ئىنىسى ، مۇراتلىق دېھقان ئاۋامۇسەللىم ئاكا زوردۇنكامنىڭ شەرىپىگە قوي سويۇپ سورۇن تۈزۈپ بەرگەندى . مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى بۇرادىرىم نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر بىلەن بىللە مۇرات مەھەللىسىدىكى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ قەدىم جايى ، تۇغۇلغان ھويلىسىغا سەل كېچىكىپرەك باردىم . ئۆز ئۆيىدە ، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا زوردۇنكام بۆلەكچىلا ئېچىلىپ ، يايراپ كەتكەندى . مېھمانلار ئانچىمۇ كۆپ ئەمەس ، ئون نەچچە ئادەم ، ئارىسىدا يېڭىتام مەشرىپىگە ئالايىتەن تەكلىپ بويىچە كەلگەن ئەسلى يېڭىتاملىق ، ھازىر ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىرنەچچە زىيالىيلارمۇ بار ئىدى . مېھماندارچىلىقنىڭ مول ، باياشات داستىخىنى ئۈزۈلمەس چاقچاق ، قىزىق پاراڭلارنىڭ ساداسىغا كۆمۈلۈپ تۇردى . زوردۇنكام بۇ كۈنى ناخشىمۇ ئېيتتى ، شېئىرمۇ ئوقۇدى . ئاجايىپ ئېسىل ، مەنىلىك پاراڭلارنى قىلدى . ئەدەبىيات ھەققىدىمۇ

سۆزلىدى. كۆپچىلىكنىڭ زورى بىلەن بىر ـ ئىككى قەدەم ئېچىپمۇ قويىدى. ئۇ شۇنچە جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق كۆرۈنەتتى. پات ـ پاتلا ئىنىسى ئاۋامۇسەللىم بىلەن ئائىلە چاقچاقلىرىنى قىلىپ قوياتتى. ئاۋازىدىن مۇراتلىقلارنىڭ تەلەپپۇزى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بىز زوقلىنىپ كۈلەتتۇق.

نېمىدېگەن غەنىيمەت كۈن، غەنىيمەت دەملەر ئىدى ـ ھە، ئۇ!

1997 ـ يىلى قىشتا مەتتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، غۇلجىدىكى قەلەم ئەھلى زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ مۇنبەردە چاڭ چىقىرىپ سۆزلىگەن قىسقا، ئۆتكۈر، مەنىلىك تەبرىك سۆزىنى ھاياجان بىلەن تىڭشاشتى. ئۇنىڭ سۆزىدە كەڭ قورساق، سەمىمىي بىر ئەدىبنىڭ كەسىپداشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن چىن يۈرەكتىن خۇشال بولىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساپالىق يۈكسىلىشىگە بولغان ئۈمىد، تەلەپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادە بالقىپ تۇراتتى. شۇ كۈنكى يىغىنغا قاتناشقان قەلەمداشلار تاكى ھازىرغىچە زوردۇن ئاكىنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ كۈچلۈك، ھېسسىياتلىق سۆزىنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەي يۈرۈشىدۇ.

ئەمدى مۇھىم بىر گەپكە كېلەي. 1997 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدىن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بىر خەۋەر كەلدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1997 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەكلىپنامە قولىمىزغا كېلىپ يەتتى.

سۆز نۆۋىتىنى ئەمدى ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ

سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، شائىر، غۇلجىلىق قەلەمكەش ئاغىنىلەر دائىم «جۇشى ئانام» دەپ چاقچاق قىلىشىدىغان بىناداش قوشنام تۇرسۇنمۇھەممەد ئىمىنىڭ، «ئىلى گېزىتى» نىڭ 1997 ـ يىل 2 ـ دېكابىر ـ سانىنىغا بېسىلغان «قىممەتلىك نامايەندە» ناملىق ئەدەبى ئاخباراتىغا بىرەي:

«يۇرتىمىز ئىلىنىڭ ئالتۇن پەسلى.

مۇنبەت ئانا تۇپراقنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېسىۋىلىرى سەرەمجانلاشتۇرۇلۇۋاتقان كۈنلەر.

شەھەرنىڭ قايناق كوچىلىرىدىن يىراق سەھرالارغىچە ھەر مىللەت خەلقى مول ـ ھوسۇل شادلىقىغا چۆمۈلگەن كۈنلەر...

ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ خۇش پېئىل، ئەمگەكچان، باتۇر، پەزىلەتلىك ئوغلانلىرىنى تۇغۇپ، ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى تەكشەپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇچۇرۇپ قىلىۋاتقان بۇ ئىسسىق ماكان بۈگۈن ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرامغا تولغان خاتىرە تويىنىڭ خۇش خەۋىرى بىلەن ھاياجانلانغان قەلبلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، تەنتەنە تۈيغۇسى ئىچىدە ئەتىكى گۈزەل تاڭغا تەلپۈنۈۋاتقان كۈنلەر.

مەن قولۇمدىكى تەكلىپنامىگە زوق بىلەن باقماقتىمەن. ھۆرمەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلىدىغان ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بۇ ئادەتتىكى تەكلىپنامىسى مېنى ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا يازغۇچى ئىنىم مەھمۇت مۇھەممەدتىن تېلېفون كەلدى. ئۇمۇ تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ مېنى ئۆز خۇشاللىقىغا شېرىك قىلىش نىيىتىدە تېلېفون بەرگەنىكەن.

مەھمۇت ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، يولىيورۇق سوراش

يۈزىسىدىن ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قۇربانجان مۇھەممەدنى ئىزدەپ باردۇق. ئۇ بىزنى ئىللىق چىرايى بىلەن كۈتىۋالدى. مەھمۇت ئىككىمىز ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە 《 زوردۇن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى 》 ئېچىلىدىغانلىقىنى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزگە تەكلىپنامە كەلگەنلىكىنى، بۇ يىغىنغا ۋالىي ئۆزىنىمۇ تەكلىپ قىلىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكلىپنامىنى ئۇنىڭغا سۇندۇق. بۇ چاغدا قۇربانجان مۇھەممەدنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭۈل شادلىقى چىرايىدا نامايان بولدى ـ دە، قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

ــ ئاتاقلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى تولىمۇ ياخشى، مەن قىزىقىپ ئوقۇيمەن. ئۇ ئەسەرلىرىدە بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈپ، پروزا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر پروزا ئىجادىيىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىق تۆھپە ياراتقان، يۇقىرى ئابرۇي قازانغان كىشى. ۋىلايىتىمىز ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر ئوغلى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ــ دېدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى كۈلدانغا قېقىۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

ــ ئىككىڭلار ۋىلايىتىمىزگە ۋەكىل بولۇپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كېلىڭلار. يازغۇچىمىزنىڭ يېڭى دەۋردە ئۇچقۇر تۇلپاردەك يۇلقۇنۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بەرگەنلىكىمىزنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، ۋىلايىتىمىزنىڭ زوردۇن سابىرغا ئىلى ئېتىدىن بىرنى مىندۈرىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ــ دېدى ـ دە، چاقچاق ئارىلاش سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ ئىككىڭلار ئاتنى

يېتىلەپ بارغۇچە جاپا تارتىپ قالىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچىمىزنىڭ قەۋەتلىك تۇرالغۇسىدا ئات بېقىشمۇ بىئەپ. شۇڭا ئاتنى نەق پۇل قىلىپ كېتەرسىلەر. قانداق دېدىم؟ ــ دېدى. ئۈچىمىز تەڭلا كۈلۈشتۇق، شۇنداق قىلىپ بىز گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە سەپەر تەييارلىقى بىلەن بولدۇق.»

9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىز ئۇنىڭغا يېقىن كىشى تۇشمۇ تۇشتىن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي قاتناش بېكىتىگە يىغىلىپ، توي تارتىپ ماڭغاندەك خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يول ئالدۇق. قەلەمكەشلەر سەپىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولدۇ. بىز ئۇنتۇلماس بىر شېرىن سەپەرنى ئۆمۈر خاتىرىمىزگە ئەسلىمە قىلىپ، چاقچاق، خۇش سۆھبەتلەر بىلەن ئەتىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەتتۇق. ئارىمىزدا مەرھۇم تۇرسۇن زېرىدىن ئاكىمۇ بار ئىدى.

زوردۇنكام ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ، يىراق ـ يېقىنىدىن كېلىدىغان مېھمانلارغا ئاتاپ ئۈرۈمچىنىڭ قايناپ تۇرىدىغان يېرىدىن ــ دۆڭكۆرۈكتىكى «چەۋەندازلار» مېھمانخانىسىدىن ئازادە ياتاقلارنى تەييارلاپ قويغانىكەن. ياتاققا جايلىشىپ بولۇپلا قىلغان بىرىنچى ئىشىم ــ زوردۇنكامنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىش بولدى. بالدۇرراق يېتىپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ دېيىشىچە، زوردۇنكام ھەر قايسىمىزنىڭ يولىغا قاراپ مېھمانخانىدا خېلى تۇرغان ۋە بىر ھەر سائەت ئىلگىرى باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەجىدىن كېتىپ قالغانىكەن. مەن پەقەت كەچتىلا ئۇنى ئۆيىدىن تاپتىم. ئۇنىڭ تونۇش، مۇلايىم ئاۋازى، يۇمۇرلۇق گەپلىرى كۆڭلۈمنى شادلاندۇرۇۋەتتى. ئاڭغىچە سەپەرداشلىرىم ئەتراپىمغا «بۇلبۇلدەك» ئولاشقانىدى. ھەربىرى تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ تون كىيگۈچى بىلەن سالاملىشىش،

مۇبارەكلەشكە، شۇ قاتاردا كىچىك پېئىل ئەدىبكە بىرەر ـ ئىككى ئېغىز كونا چاقچاقلىرىنى دەۋىلىشكە ئالدىرىشاتتى.

مۇشۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر چاقچاقنى قوشۇمچىلاپ كەتسەم مېنىڭ بۇ ئۇزۇن ۋە مۇكەممەل ئەسلىمەمنىڭ بويىقى سۇسلاپ كەتمەس. «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مەسئۇللىرىدىن مىجىت ئوسمان ئاكا تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن زوردۇنكامنىڭ مەرىكىسىگە ئاتاپ بىر ئاز نەق پۇل ئالغاچ كەلگەنىكەن. شۇ تاپتا ئۇ ئەتىكى يىغىنغا ئۈلگۈرتۈپ نېمە ئېلىشنى ئويلاپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭغا پۇلنى پۇل پېتى تەقدىم قىلىشنى (بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز، بۇ كاتتا مەرىكىنىڭ ھەرخىل چىقىملىرى ئۈچۈن جەزمەن بىرمۇنچە پۇل لازىم بولاتتى)، ئەمما ئەتە يىغىندا، بىر ئات دەپ تىزىملىتىشنى ئېيتىپ، مەسلىھەت بەردۇق. مىجىتكام ئېھتىياتچان كىشى بولغاچقا. بۇ ئىشنى زوردۇنكامنىڭ سەمىگە سېلىپ كۆرۈشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. مەن يەنە تېلېفوننى ئالدىم.

— زوردۇنكا، بايا بىر گەپ ئۇنتۇلۇپتۇ. «ئىلى كەچلىك گېزىتى» دىكى مىجىتكام مەرىكىڭىزگە ئاتاپ مىڭ يۈەن ئالغاچ كەلگەنىكەن، شۇنىڭغا بازاردىن گىلەم ئالايمۇ ياكى پۇلنى پۇل پېتى سۇنۇپ چېغىدىراق بولسىمۇ ئات دەپ تىزىملىتايمۇ دەيدۇ. سىزچە؟ ... تۇرۇپكىدىن زوردۇنكامنىڭ يۇمۇرغا تويۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئات دېگەنمۇ ياخشى جانىۋارە!

كۈلۈپ كەتتىم. كېيىن ياتاقتا ھەممەيلەن بىر ھازاغىچە كۈلۈشتۇق. شۇ چاقچاقنى مىجىتكامغا ھازىرغىچە قىلىپ قويىمەن.

25 ـ سىنتەبىر ئۇرۇمچى «كىرورەن رىستورانى» دا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەنتەنىلىك ھالدا باشلاندى. گەپنى ئۇششاق

تەپسىلاتلار ئۈستىدە ئەگەشمەي، گېزەكنى يەنە «قىممەتلىك نامايەندە» نىڭ بايانىغا بېرەي:

«ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆچمەس ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئەنە تەتقىقاتچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئوقۇماقتا، ئۆزلىرىنىڭ يازغۇچىغا بولغان سەمىمىي تىلەكلىرىنى بايان قىلماقتا... ئۇلار مۇھاكىمىسىدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى بايراقدار سۈپىتىدە يول ئېچىپ كېتىۋاتقان يازغۇچى زوردۇن سابىرنى مەدھىيىلىمەكتە. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى بىر - بىرلەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. مۇھاكىمىلەر ئىچىدە ماڭا ئەڭ قىممەتلىك بىلىنگىنى ۋە مېنى ئىلھاملاندۇرغىنى يازغۇچىنىڭ ھارماي - تالماي ئىزدىنىشى ھەققىدىكى دۇردانە سۆزلەر، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاددىي ۋە ھەر بىر يازغۇچى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر يولنى چۈشەندۈرىدىغان ھەقىقەتلەر... ئىدى.

... ئەنە، 85 ياشلىق ئالىم ئىبراھىم مۇتىئى ئاكا ياڭراتقۇ ئالدىدا ھاياجاندىن سىقىلغان دەملىرىنى رۇسلىۋېلىپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تۇرۇپ «يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئەجرى بىلەن خەلقىمىزگە ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلدى. رومانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. مەن ئۇنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەيمەن. مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

يېشىمدا پەخىرلىك يازغۇچى زوردۇن سابىرغا خەلقىم نامىدىن تەزىم قىلىمەن ! ــ دېدى ۋە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ يازغۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى .

« بىر ئادەمگە ھۆرمەت بولار شۇنچىلىك بولار !

بىر يازغۇچىنىڭ ئەجرىگە مەدھىيە بولار شۇنچىلىك بولار ! » .

« كىرورەن رىستورانى » دېگەن ئاشۇ تەسىرلىك ، ئۇنتۇلماس مەنزىرىلەر قەلبىمگە نەقىش بولۇپ قالدى :

ئەنە ، خەلقنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىسىغا مىجەت ناسىر ئاكا ھۆرمەت تونى كىيگۈزمەكتە .

ئەنە ، خەلقنىڭ ئىقتىدارلىق ئەدىبىگە يىغىن ئەھلى چاۋاك سادالىرى بىلەن سالام يوللىماقتا .

ئەنە ، خەلقنىڭ كەمتەر ئوغلانىغا دولان ياشلىرى ، دولان قەلەمكەشلىرى يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتماقتا .

ئەنە ، خەلقنىڭ تىڭشامەت بالىسى ئۆز مۇھاكىمە سورۇنىدا ، دوستلار ، كەسىپداشلار ، قەلبداشلار بىلەن بىرلىكتە ، بار ئاۋازى بىلەن ئۆلمەس خەلق ناخشىلىرىنى مۇھەببەتلىك سېزىمدا جاراڭلاتماقتا .

بۇ غەنىيمەت ، تارىخىي كارتىنىلار ئەستىن قانداقمۇ چىقىپ كېتەر ! ؟

يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى ، يەنە نۇرغۇن تەسىراتلىرىم بار ئىدى ، ۋاقىت ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن يازمايمەن .

زوردۇن سابىرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن ھەممىمىز ، جۈملىدىن مەن ئىنتايىن چوڭقۇر ، ھاياجانلىق ، باي تەسىراتلار بىلەن قايتتۇق . شۇ كۈنلەردە مەن گويا ئۆزۈمنىڭ تويۇم

www.uyghurkitap.com

بولغاندەك ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان ـ شەرەپنىڭ بۇ يۈكسەك چوققىسىغا گوياكى ئۆزۈم چىققاندەك شادلانماقتا ، چىن قەلبىمدىن غورۇرلانماقتا ئىدىم .

دەرھەقىقەت ، خەلق سۆيگەن بىر موتىۋەر ئەدىبكە ئاپىرىن ئېيتىش بىر مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك مۇساپە . ئۇ يازغۇچىدىن ، شائىردىن ، سەنئەتكاردىن يۈكسەك خەلقچىللىق ، چىن ئەقىدە ، زور ئىجتىھاتنى ، مۇستەھكەم ئىرادىنى تەلەپ قىلىدۇ . زوردۇن ئاكا ھاياتىدا بۇ شەرتلەرنى ، خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىيالىغان بىر زات ئىدى . شۇ خىسلەتلىرى بىلەن خەلق قەلبىدە ياشايدۇ ، ياشاۋېرىدۇ !

## 9

زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي مەركىسى ئۆتكۈزۈلۈپ ئارىدىن بىر يېرىم ئاي ۋاقىت ئۆزار ـ ئۆزىماي ، ماڭا ئۇستازىم بىلەن كۆڭۈللۈك سەپەردا يەنە بىللە بولۇش پۇرسىتى تۇغۇلۇپ قالدى . دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ستۇن يازغۇچىلىرى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە بېيجىڭ ، شىئەن ، يەنئەن ، دالىيەن ، تيەنجىنلەردە زىيارەتتە ، تەكشۈرۈشتە بولۇش ئۈچۈن كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يولغا چىقتىم . ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، مەزكۇر ئۆمەك تەركىبىدە زوردۇن سابىر ئاكىنىڭمۇ بارلىقىنى رۇيخەتتىن كۆرگىنىمدە قەلبىم ئېيتقۇسىز خۇرسەنلىككە تولدى .

يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك سەپەردە ئۇستاز بىلەن يەنە بىرمۇنچە ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم . قىممەتلىك ، دەرس سۆپەت سۆزلىرىنى ، مۇھاكىمە ، تەسەۋۋۇرلىرىنى تىڭشىدىم . يەنئەن باۋتاشەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە

خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۈم. شۇنىڭدە، لاي ئەسكەرلەر خارابىلىكىدە تارىخ توغرىسىدىكى سان ــ سىپىرلىق دەلىللىك باياتلىرىنى ئاڭلىدىم. دالىيەن باڭچۇيداۋدا، ئىسمائىل ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ھۇزۇرىدا بىللە ئىلى ناخشىلىرىنى ئېيتتىم، «بىر سەن ــ بىر مەن» گە قىزىق يۇمۇر، لەتىپىلەر سۆزلەشتىم. تيەنجىنگە يېتىپ كېلەر تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا پاراخوت سۇپىسىدا ئاچچىق شامالدا يانمۇ يان تۇرۇپ، بىللە دېڭىز سەتھىگە كۆز سالدىم. بېيجىڭدا، شىنجاڭ ئىش باشقارمىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا، ئۇنىڭ ياتىقىدا ئۆزۈمنىڭ كەسپىي يازغۇچى بولۇش ئىستىكىمنى ئۇستازىمغا بايان قىلدىم ۋە ئۇنىڭ غەمخورانە مەسلىھەتى، كەلگۈسىدە جەزمەن بۇ توغرىدا ئۆزىنىڭ كۈچ چىقىرىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭمۇ بۇ ھەقتە خېلىدىن بېرى ئويى، پىلانى بارلىقى ھەققىدە پىكىرلىرىنى ئاڭلىدىم. يەنە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدۇم (بۇ توغرىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمەن).

كېيىنكى ۋاقىتلاردا زوردۇنكامنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولماي قالغانىدى. زىيارەتتە بولغان مەزگىللىرىمىزدە مەن ئۇنىڭ بەزى يەرلەردە ئاپتوموبىلدىن چۈشمەي، سەيلىگاھقا دېرىزىدىنلا قاراپ ئولتۇرغىنىنى بايقاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇستازىمنى ماشىنىدىن چۈشۈپ ــ چىققۇچە قولتۇقىدىن يۆلەپ، بىللە ماڭىدىغان بولدۇم. بۇ غەمخورلۇققا جاۋابەن ئۇ قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ ياكى چاقچاق قىلىپ مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئاۋۇندۇراتتى. تولاراق ئەدەبىيات ھەققىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنى، ياشلارنىڭ ئەھۋالى ۋە كۆپىنچە ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭ قىلاتتى.

90 ــ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ زوردۇنكام ئەدەبىي

ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنى ۋە شۇ قاتاردا بىر ئەل، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە رولى توغرىسىدا تىنماي سۆزلەپ كەلدى. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى مەزگىلىدىمۇ گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرىدە ۋە ياتاقتا بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەرنى قىلىپ، بىزگە تۈرتكىلىك تەسىرات بەخش ئەتكىنى يادىمدا. ھەر قېتىم غۇلجىغا كەلگىنىدىمۇ ئۇ بۇ نۇقتىنى، تەلەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان.

بۇ قېتىمقى بەش شەھەرگە زىيارەت قىلىش سەپىرىمىزدە مەن زوردۇننىكامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىدىم. ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن، ئوخشىمىغان سورۇنلاردا بايان قىلىنغان بۇ پىكىرلەر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە ئۆزىگە خاس نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. يادىمدا قېلىشىچە، بۇ توغرىدا ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىممۇ «تىپ خاراكتېرنى ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشنىڭ مەسئۇلى» دېگەن سۆھبەت خاتىرىسىدە خېلى كەڭ توختالغانىدى.

پەيتى كەلگەندە، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە تالانتلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت قاراشلىرىدىن خاتىرەمگە قوندۇرۇۋالغان سەترلەرنى ئەسلىمەمنىڭ ئىزدەنگۈچى ئوقۇرمەنلىرىگە تەقدىم ئەتتىم:

△مەن ھەم ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلار يارىتىلغان ھەم تۇرمۇش رېئاللىقى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرنى سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەسەرلەر دەپ قارايمەن.

△ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئەدەبىي

ئەسەرلەرنى ئىستىتىكا ھەم بەدىئىي جەھەتلەردىن چوڭقۇر تەھلىل
قىلىپ بېرىشى، ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە ھېس قىلالمايدىغان
سىرلارنى، يەنى يوشۇرۇن بەدىئىي گۈزەللىك، ئىستىتىك
ئىلىمىنتلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم.

△ئەدەبىيات ــ ئادەم ھەققىدىكى پەن، يازغۇچىمۇ ئادەم.
ئەمىسە يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىنى يېزىشى كېرەكمۇ؟ مانا بۇ
يازغۇچىنىڭ سەۋىيىسىنى، بەدىئىي دىتىنى ۋە بىلىمىنى سىنايدىغان
سوئال.

△بۇرۇن بىز ئادەملەرنى كاتېگورىيىگە بۆلۈپ ئۆگىنىپ قالغان،
ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئادەملەرگە ئىجابىي پېرسوناژ،
سەلبىي پېرسوناژ، دېھقانىنىڭ تىپى، رەھبىرى كادىرلارنىڭ تىپى
دەپ نام قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئادەملەرنى چوڭقۇر
چۈشىنىش ئارقىلىق شۇنى روشەن ھېس قىلدىمكى، سىنىپ،
قاتلام، كەسىپلەر بويىچە تىپ يارىتىش توغرا ئەمەس. تۇرمۇش
رېئاللىقى ئىسپاتلىدىكى، دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ ھەممە تەرتىپىنى
ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئادەم بولمايدۇ. بىز قاتلامنىڭ ئەمەس،
خاراكتېرنىڭ تىپىنى يارىتىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، خاراكتېرنى
ئىندىۋىدىئاللاشتۇرۇش، چوڭقۇر ئېچىش تىپ يارىتىش بولىدۇ.

△مەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەر قىزىقىدىغان تۇرمۇش
زىددىيەتلىرى ئەكس ئەتكەن، روھىي دۇنيا چوڭقۇر
قېزىلغان «ۋاپادار» ناملىق پوۋېستىمنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدا
ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئىككى كىشىنىڭ مۇھەببىتى
يېزىلغان. ئەسەر قەھرىمانلىرى گەرچە گالدا ـ گۇلدۇڭ ئادەملەر
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك بىز دانا ھېسابلاپ
يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قەلبىدىنمۇ ئوڭايلىقچە تېپىلمايدۇ.

△ساددىلىق ــ گۈزەللىكنىڭ ئانىسى، ياسالمىلىق ــ پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

رەزىللىكىنىڭ ئانىسى .

△پىروُزىچىلىق بىزدە يىڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ژانىر. يېڭى ئىزدىنىشلەرمۇ بولۇۋاتىدۇ . لېكىن ، پۈتۈن مەملىكەتتە ، دۇنيادا تەسىر قوزغىغان ئەسەرلىرىمىز تېخى يوق . مۇھىمى ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ پىكىر چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە ، زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش جەھەتتە ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش جەھەتتە ، بەدىئىي ئۇسلۇبنى قېتىپ قالغان ، كونا نەرسىلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش جەھەتتە ۋە پېرسوناژلارغا چوڭقۇر ، ئىنچىكە ، پۇختا ئىشلەش جەھەتتە مەسىلە بىر قەدەر ئېغىر . ئاپتورلىرىمىزدا ئەستايىدىللىق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ . يەنى ئۇلار ئەستايىدىللىق بىلەن يېڭىلىق قوبۇل قىلىشقا ، ئەستايىدىل تۇرمۇش ئۆگىنىشكە سەل قاراۋاتىدۇ . پىروُزىچىلىقىمىزنى مەملىكەت ھەم دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇ جەھەتلەردە تىرىشمىساق بولمايدۇ .

△ئۆزىنى ئەدەبىياتقا مۇددىئاسىز بېغىشلىيالمىغان يازغۇچى مەڭگۈ نەتىجە يارىتالمايدۇ ، نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ يارىتالمايدۇ .

ھەر قېتىم خاتىرە دەپتىرىمدىكى بۇ ئىبارىلەرنى ئوقۇسام ، زوردۇنكام گويا بۇلارنى مەن ئۈچۈن ئېيتقاندەك ، ماڭا قارىتىپ سۆزلىگەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىمەن . شۇنداق ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش يولىدا يولداش زوردۇن سابىرنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ، يۈللۈق پىكىرلىرى مەن ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغان كەسپىي دەستۇرنىڭ بىر بۆلىكى .

مەخسۇس ستۇن يازغۇچىلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى مېنىڭ زوردۇن ئاكا بىلەن ئۇزاق كۈنلەر ، ئۈزۈلمەس سەپەرلەردە بىللە بولغان ، پاراڭلاشقان ، پىكىر ئالماشتۇرغان غەنىيمەت ،

قىممەتلىك كۈنلىرىم بوپقالغانىدى. بايقىشىمچە، ئۇمۇ بۇ سەپەر داۋامىدا قىممەتلىك ھاسىلاتلارغا ئىگە بولغانىدى. بېيجىڭدىكى مەزگىلىمىزدە ئۇ يېزىۋاتقان كۆپ توملۇق ئەسىرى ئۈچۈن تىنىمىي ماتېرىيال ئىگىلەپ، كۆپرەك كاللىسىدا يېزىلغۇسى بابلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ماڭدى. بېيجىڭ خەلق سارىيىدا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ قىرىق يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىدا ئۇ سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشتى ۋە ئەتىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قىممەتلىك ماتېرىيال، دەرەكلەرنى ئىگىلىدى. نەگىلا بارساق، ئىسمائىل ئەھمەد، سەيپىدىن ئەزىزى ۋە باشقا رەھبەرلەر، ئەدىپلەر، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە، قىزغىن ھۆرمەت كۆرسىتەتتى. سالامەتلىك، تۇرمۇش ئەھۋالىنى، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرەتتى. سۆھبەت ۋە زىياپەتلەردە ئۆمەك باشلىقىمىز ئىدرىس بارات ئاكا ئۇنى ساھىبخان رەھبەرلەرگە، ئەدىبلەرگە تەپسىلىي، ئالاھىدە تونۇشتۇراتتى. بېيجىڭدا يىغىندا بولۇۋاتقان رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا بىزنىڭ شەرىپىمىزگە زىياپەت بەرگەنىدى. زىياپەت ۋە ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىكى كۆرۈشۈشتە ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاكا زوردۇنكام بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، ئۇزاق ھال ـ ئەھۋاللاشتى. ئۇنىڭ يېزىۋاتقان يىرىك، ئەھمىيەتلىك ئەسىرى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلاشتى ۋە زوردۇنكامنىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەمدىكى بابلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىياللارنى، ئەينى چاغدىكى گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە دائىر ئىشلارنى ئىگىلەش، ئايرىم جايلارنى زىيارەت قىلىش ھەققىدىكى تەلىپىنى ئاڭلاپ، شەخسەن ئۆزى بۇ ئىشنى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ئېيتىپ، قولايلىق يارىتىپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بېيجىڭ ھاۋاسى يۇرتىمىزنىڭ ئالتۇن كۈزدىكى كىلىماتىغا تازىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەنە شۇنداق سالقىن بىلەن ئىسسىق قۇچاقلاشقان بىر كۈنى، يەنى 1997 ـ يىلى 17 ـ نويابىر چۈشتىن كېيىن مەن ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن مەرھۇم ئۇستازىم زوردۇن سابىر بىلەن بېيجىڭ چاۋتېي شىمالىي تارماق كوچىسىدىكى 46 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتۇم ـ دە، كونىچە پاسوندىكى ئارا دەرۋازىغا ھۆرمەت سىزىمى بىلەن نەزەر سالدىم.

— مانا، ۋاڭ مىڭ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلدۇق، — دېدى زوردۇنكام.

مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن، تونۇيدىغان، كېيىنكى كۈنلەردە بولسا «زەڭگەر كۆز»، «ئاھ، مۇھەممەد ئەمەت» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى، بولۇپمۇ يۇرتۇم غۇلجا ھەققىدىكى تۇرمۇش پۇرىقىغا، چىنلىققا باي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، يۇمۇرىستىك ئۇسلۇبى بىلەن كۆپرەك ياقىدىغان ۋاڭ مىڭ ئاقساقالنىڭ ھويلىسىغا ئۇستازىمغا ئەگىشىپ خۇشال كەيپىياتتا كىردىم. بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزدىن ساھىبخانىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. زوردۇنكام چۈشتىن ئىلگىرى تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن ئېسەنلەشكەنىدى.

— ئەتە ئىككىمىز بىر يەرگە بارىمىز جۇمۇ، — دېگەنىدى ئالدىنقى كۈنى زوردۇنكام، — نەگە دەمسىنا؟ ۋاڭ مىڭنىڭكىگە. ئۇ بوۋايىنى يوقلاپ قويايلى. ياخشىلارنى يوقلىماق ساۋاب. خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز قەدىناس ئەمەسمۇ. خىبالىڭلىقىنىڭ [1] دەردىنى بىللە تارتقان دېگىنە. ئايالى بىلەن

---

[1] خىباڭ — گېزەندە دېمەكچى.

بولسا، خىزمەتداش. نېمە دېدىڭ؟ سۆي مۇئەللىم مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم دەمسىنا؟ ھە شۇغۇ. بىلىمەن، شۇڭلاشقا ئېكسكورسىيە ئۆمىكىمىزدىكى شۇنچە قارا كۆزنىڭ ئىچىدىن بىللە بارايلى دەپ سېنى تاللىۋالدىم ـ دە!

كېلىڭلار، كېلىڭلار، ھوي بۇ زوردۇنغۇ، سىزنىمۇ كۆرىمىزكەن ـ ھە، ۋاي ـ ۋوي، ۋاڭ مىڭ تولا گېپىڭىزنى قىلىدۇ. بايىلا تېخى بىرمۇنچە ئەسلىگەنىدۇق، ـــ ۋاڭ مىڭنىڭ ئايالى، مېنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇتقۇچۇم، ھېلىغىچە تېتىك، مۇلايىملىقىنى يوقاتمىغان سۆي رۇيفاڭ مۇئەللىم ئەنە شۇنداق خۇش كەيپىيات بىلەن ئالدىمىزغا چىقتى. تولىمۇ بىقىنچىلىق بىلەن زوردۇنكامنىڭ سالامەتلىكىنى، ئائىلىسىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى. مېنىڭ بىلەنمۇ ئىللىق سالاملاشتى. ئوتتۇز يىل ئىلگىرى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىزگە بىر نەچچە يىل ئۇستاز بولغان بۇ خۇش پىچىم، ئاق پىشماق ئايالنى بىر قاراپلا تونۇۋالغانىدىم. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرئاز سەمرىگەن، يىللار چىرايىغا ئاز تولا قورۇق سالغانىدى، خالاس.

تۆتىلا تەرىپىگە كونىچە پاسوندىكى ئۆيلەر چۈشكەن، سوزۇنچاق، پاكىز ھويلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ھەشەمەتتىن خالىي مېھمانسارايىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. سۆي مۇئەللىم خۇشال ھالدا بىزدىن قايتا ئامانلىق سورىدى. ئەينى يىللاردا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئىشلىگەن خىزمەتدىشىغا زوردۇنكام مېنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ـــ مانا لاۋسۆي، بۇ بالا سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز بولىدۇ. 2 ـ ئوتتۇرىدا ئوقۇغان. شۇ مەكتەپتىكى مېھرىنسا مۇئەللىمنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. لەتىپ مۇئەللىمنىڭ ئايالى مېھرىنساچۇ!

— ۋاي ـ ۋۆي چوك بوپكېتىپسىز، — سۇي مۇئەللىم خۇشاللىقىدىن بېشىنى ھەدەپ لىڭشىتىپ ئالدىمغا كەلدى. ماڭا سەپسېلىپ قارىدى، — ئوڭاي ۋاقىتمۇ، ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى ئەمەسمۇ.

سۇي مۇئەللىم مەندىن ھەدەم ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ، ئىلگىرىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كېيىن زوردۇنكامغا قاراپ:

— ئاڭلىسام سىزنى يازغۇچىلار ئىبكسكۇرسىيە ئۆمىكىدە كەپتۇ دەيدۇ، ھەممىڭلار يازغۇچىلارمۇ، جىق يەرلەرگە بارغانسىلەر، — دەپ سورىدى. زوردۇنكام سۇي مۇئەللىمگە بىزنىڭ ئىبكسكۇرسىيە ئەھۋالىمىزدىن قىسقىچە پاراك قىلىپ بەردى. بالا ۋاقتىمدىكى ئىككى ئۇستازىم بىلەن مۆجىزىلىك ھالدا مۇشۇنداق جايدا، بېيجىڭدا، يەنە كېلىپ مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مىڭنىڭكىدە بىللە بولۇپقالغانلىقىمدىن كۆڭلۈم بۆلەكچە سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي دەرۋازا ئالدىدا پىكاپ توختىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ھويلىدا ۋاڭ مىڭ ئاقساقالنىڭ ئۆزىمۇ پەيدا بولدى. بۇ چاغدا سۇي مۇئەللىم شىرەگە تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە تىزىپ، بىزگە چاي دەملەش ئۈچۈن تاشكەنتنىڭ نەقىشدار چەينەك ـ پىيالىلىرىنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ۋاڭ مىڭ بىزنى قىلچە قورۇندۇرماي، ئىشىكتىنلا كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن كىرىپ كەلدى.

— زوردۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئەتتىگەنلا ئاڭلىۋالغانىدىم، مانا، ئۆزىنىمۇ كۆردۈم. ئىبكسكۇرسىيەڭلار كۆڭۈللۈك ئۆتتۈۋاتامدۇ، جەمئىي نەچچە ئادەم كەلدى؟ — كۆرۈشۈشتىن كېيىنلا قىزغىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. زوردۇنكام بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدىن بىر قۇر بېشارەت بەردى. ئىككى ئاقساقالنىڭ يۇمۇرلۇق سوئال ـ

جاۋابلىرى ، چاقچاقلىرى جۇڭگوغا مەشھۇر يازغۇچى سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ ئۆيىنى تېخىمۇ يېقىملىق كەيپىياتقا بۆلۈۋەتتى .

— قېنى ، چاي ئىچىڭلار ، زوردۇن ، سىلەرنى كېلىدۇ دەپ دوختۇرخانىدىن ياناشىمدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن مانا مۇنۇ يۇگۇر ، ساڭزا بىلەن تورتنى ئالايىتەن ئالغاچ كەلدىم . چاتاق يوق جۇمۇ ئاداش . هە ، قېنى تېتىپ باقامسىلەر ، لاۋسۈي ، مېنىڭ ئۆزرەمنى مېھمانلارغا دەپ قويغان بولغىيدىڭىز ـ هە ، كىچىكىپ كەتمىگەندىمەن ؟ — ۋاڭ مىڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە توختىماي سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ۋە بىزنىڭ قوللىرىمىزدىكى گىرۋەكلىرى ئالتۇن هەللىك ، قىزىلگۈل نەقىشلىك پىيالىلەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى ، — پاھ ، لاۋسۈي سىلەرنى كەلدى دەپ ئىشكاپىنىڭ ئىچكىرىسىگە تىقىۋەتكەن ئېسىل قاچىلىرىنى ئاپتۇ ـ دە ، تېخى قارا چاي دەملەپتۇ !

ۋاڭ مىڭنىڭ ساپ ئىلى تەلەپپۇزىدا ئالدىرىماي قىلغان گەپلىرى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى . زوردۇنكام ساپاغا ئازادە ، بەھۇزۇر يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ، مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەپ بۇ قەدىناس سەپدىشىنىڭ سوئاللىرىغا بىشنى پات ـ پات ئېگىپ ، تەمكىن ھالدا جاۋاب بېرەتتى ۋە ئۆزىمۇ سوئال سورايتتى .

بىز ۋاڭ مىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سەلدىن كېيىنلا زوردۇن ئاكا ۋاڭ مىڭغا مېنى تونۇشتۇردى . ئەينى چاغدا ، ۋاڭ مىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ غۇلجا شەھىرىنىڭ بايانداي يېزىسىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان يىللىرىدا ئۇيغۇر تىلىنى ۋە يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنىدى . 1973 ـ يىلى ئۇ مېنىڭ « سالچى » ناملىق ھېكايەمنى « ئىلى گېزىتى » دىن ئوقۇپ ، ئالاھىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ، بۇ ھېكايە خەنزۇچە « شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ

سەنئىتى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان، كېيىن بىرنەچچە ئەدەبىي توپلاملارغا ۋە ۋاڭ مېڭ ئەسەرلىرى توپلىمىغىمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى. زوردۇنكام شۇ تاپتا سۆيۈنۈش بىلەن ۋاڭ ئاقساقالغا ئەنە شۇ بايانلارنى ئىزهار قىلدى.

ۋاڭ مېڭ بىردە زوردۇنكامغا، بىردە ماڭا قاراپ، چىرايىدىكى يېقىملىق كۈلۈمسىرەشنى تېخىمۇ ئەلۋەكلەشتۈردى. كېيىن بېشىنى ھەدەپ لىڭشىتىپ، ماڭا مېھرىلىك نەزىرىنى تىككىنىچە:

— توغرا، مەھمۇت، مەھمۇت، سىز ئۇ چاغلاردا قارا دۆڭ يېزىسىدا زىيالىي ياش ئىدىڭىزغۇ دەيمەن؟ قاراڭلار، ئۇ چاغدا كىچىككىنە بالا ئەمەسمۇ، — دېدى.

— ئۇ چاغدا بالا بولغان بىلەن هازىر چوڭ بولدى ـ دە! مانا بىزمۇ كىچىككىنە بالىدۇق، بوۋاي بوپكەتتۇق، بوۋاي! — زوردۇنكام قىزىقچىلىق قىلىپ ئىڭىكىنى سىيپاشتۇردى.

ۋاڭ ئاقساقال مېنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمنى سورىۋىدى، مەن تارتىنىپ جاۋاب بەرگۈچە زوردۇنكام مېنى خىجىل قىلىپ خېلىلا كاتتا تەرىپلەر بىلەن ئىجادىيەت ۋە خىزمەت ئەھۋالىمنى، ھەتتا هازىر ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىمغىچە تونۇشتۇردى.

— ياخشى، ياخشى، كىتابقا تازا باي بوپسىز ـ دە، سەل تۇرۇپ مېنىڭ كۇتۇپخانامنى كۆرۈپ بېقىڭ، — ۋاڭ ئاقساقال كۆزلىرىمگە قاراپ چىن كۆڭلىدىن كۈلدى.

ۋاڭ مېڭ زوردۇنكام بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە، خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر توغرىسىدا قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى خۇددى مۇزىكا تىڭشىغاندەك راھەتلىنىپ تىڭشاپ ئولتۇردۇم. نۆۋىتىدە بىزنىڭ زوردۇنكامىمۇ

www.uyghurkitap.com

داگـلـىق تـىنچشامەت ، خۇش چاقچاق ئۇلپەت ، بىلىملىك ھەمسەپەر بولالايدىغان خىسلەتلىك ئادەم ئىدى ـ دە ! ئىككى زاتنىڭ خۇش سۆھبىتىدىن يۇمۇر ، پەلسەپە ، بىلىم ، ئۇچۇر ... خۇللاس ، جان ئوزۇقى ھېكمەتلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى . پاراڭ تولاراق ئۆيدە ئولتۇرغانلار قىزىقىدىغان ئەدەبىيات ، يېڭى ئېقىملار ، خەلقئارالىق ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى ، ئەسلىمە ، رېئاللىق ، يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى ... قاتارلىقلار ئۈستىدە تىنماي ئالمىشىپ ، ئايلىنىپ تۇردى .

ۋاڭ ئاقساقال زوردۇنكامنى ئاداش دەپ ئاتايتتى . ئىككىسى بىللە بولغان پائالىيەت ، سورۇنلارنى ، كەسپداش ، مەرھۇم ۋە ھايات بۇرادەرلەرنى سېغىنىشتى . سالامەتلىك ھەققىدە توختالغىنىدا ئۇ زوردۇن ئاكىنىڭ يېقىنقى سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىۋىدى ، زوردۇنكام بىر قولىدا كۆزەينىكىنىڭ گەردىشىنى تۇتقىنىچە قىزىقچىلىق قىلىپ :

ـــ باشقىسىمۇ ئانچە بوزەك قىلالمايدۇ ، بىراق مۇشۇ كۆز سەل ناچار ـ دە قارىسىلا ، بوتۇلكىنىڭ تۇۋىنى كۆزەينەك قىلىپ تاقىۋالمىدىقمۇ مانا ! ھىم ، ـــ دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى .

زوردۇنكامنىڭ چاقچاقلىق پاراڭ قىلغاندا بېشىنى تىنماي لىڭشىتىپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى . ۋاڭ مىڭمۇ بېشىنى تەڭلا لىڭشىتىپ ، چىن دىلى بىلەن كۈلدى .

ـــ ھەرھالدا كۆزىڭىزنى ئاسراڭ ئاداش ، كۆز دېگەن بىزنىڭ يېزىقچىلىقتىكى دەسمايىمىز ئەمەسمۇ ! ـــ ۋاڭ مىڭ بۇ سۆزلەرنى قىزىقچىلىق تەلەپپۇزىدا قىلىۋىدى ، بىز ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق . بۇ ئورتاق كۈلكە سورۇننى ، سۆھبەتنى بۆلەكچىلا يېقىملىق كەيپىياتقا بۆلۈۋەتتى .

پۈتۈن سۆھبەت داۋامىدا مەن ئاز گەپ قىلىپ ، كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاشنى ئۆزۈمگە لايىق تاپتىم. دېمىسىمۇ، بېيجىڭدەك يەرگە كېلىپ، نامى مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ھۇزۇرىدا، تۇنجى رەت سۆھبەتتە بولغانىدا، كۆڭۈلدە مۇنداق ھېسسىياتنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى چىن ـ خالىس نىيەت بىلەن «ئاداش» دەپ ئاتاپ، بەس ـ بەستە سۆھبەت گۈلشىنىنى ياشنىتىۋاتقان ئىككىسى ئىلاجى بار كۆپرەك گەپ قىلىسا، كۆپرەك نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، بىلىۋالسام، ھەتتا كېيىنكى يېزىلغۇسى ئەسلىمەمگە جىقراق دەسمايە توپلىۋالسام دەپ ئويلايتتىم. بىلگەنلەرگە مەلۇم، مەرھۇم زوردۇن سابىر ئاغزى ئېچىلسىلا تىلىدىن ھېكمەت خەزىنىسى تۆكۈلىدىغان زات ئىدى. ۋاڭ ئاقساقالمۇ بۇ جەھەتتە قىلىشمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىلىمدان، پاراڭچى كىشى ئىكەن. ئۇمۇ نەدىن، قايسى ساھەدىن گەپ قىلسا، مىسال، دەلىللەرنى خۇددى زوردۇنكامدەك مول ـ كەلتۈرۈپ، ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك سۆزلەيتتى. شۇنداق تېمىلارنىڭ بىرىدە زوردۇنكام ئىككىسى تىل ئۆگىنىشنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاجايىپ ياخشى مۇلاھىزىلەرنى قىلىشتى، ۋاڭ مىڭ تۈركىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقىنىدا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەستىن كېتەر ـ بارا تۈرك تىلىنى ئۆگەنگەنلىكىنى قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلدى. تۈرك تىلىدىن مىساللار كەلتۈردى. تۈركچە ئاتالغۇلارنى ئاتاپ چىقتى. گېپىنى خۇلاسىلەپ «تۈرك تىلى بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى تولىمۇ يېقىن كېلىدىكەن، كەم دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئوتتۇز ـ قىرىق پىرسەنت چۈشىنەلەيدىكەنمىز» دېۋىدى، زوردۇنكامۇ، مەنمۇ زوقلىنىپ كۈلۈپ كەتتۇق. چۈنكى، ۋاڭ ئاقساقال بۇ گەپلەرنى ساپ، يېقىملىق ئۇيغۇر تىلىدا قىلىۋاتاتتى.

كۆڭۈللۈك سۆھبەت قىزىق، ئەھمىيەتلىك پاراڭلار بىلەن بىرنەچچە سائەتنىمىز ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. بىز

ھېلىدىن ـ ھېلىغا جىرىڭلاپ تۇرغان تېلېفوندىن تەڭقىسلىق ھېس قىلىپ ھەمدە ساھىبخانلارنى ھارغۇزۇۋەتمەيلى دەپ، قايتىشقا تەرەددۇتلەندۇق. كۆڭلۈمدە بىر ئىستەك بار ئىدى. ئاستا پىچىرلاپ زوردۇنكامغا ئېيتتىم، ئۇمۇ «بەك ياخشى بولاتتىكەن» دېدى. بىزگە ھەمراھ بولۇپ بارغان بېيجىڭلىق مېھمان مۇددىئايىمىزنى يەتكۈزدى.

— ئاپلا، نېمىشقا بالدۇرراق يادىمىزغا كەلمىگەندۇر، — ۋاڭ مىڭ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن تەڭلا پايپېتەك بولۇپ ئاپپارات ۋە لېنتا ئىزدەشكە باشلىدى. نۆۋەتتە بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشتۇق. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىزدە شۇنچە ئاپپارات تۇرۇپ، بىرەرنى ئېلىۋالمىغانىكەنمىز.

ـ خەپ، ئاپپارات بولغان بولسا ئۆزۈم بىر «چاس» قىلىپ تارتىۋېتەتتىم ـ دە، — زوردۇنكام بىر پۇتىنى سەل ئالدىغا ئېلىپ، ئېگىلىپ، قوللىرىنى رەسىم تارتقان قىياپەتكە كەلتۈرۈپ ۋاڭ مىڭنى كۈلدۈرۈۋەتتى. بىزمۇ كۈلمەكتە ئىدۇق، — كۈلمە دېيمەن مەھمۇت، ئۇستا مەن رەسىم تارتىشقا!

بىز سۈي مۇئەللىمنىڭ خانىدىن ـ خانىغا كىرىپ، لېنتا ئىزدەشلىرىنى ئاران تەستە توسۇپ، خوشلىشىپ ھويلىغا چىقتۇق. مېھمان كەلگىنىگە چىن دىلىدىن خۇشال بولغان ۋاڭ ئاقساقال بىزنى كۇتۇپخانىسىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

تولاراق زوردۇنكام ۋە ئارىلاپ مەن ئىجادىيەت جەريانىغا، كىتابلارغا ئائىت سوئاللارنى سورىغاچ، ۋاڭ مىڭنىڭ كەڭ ـ كۇشادە، باياشات كۇتۇپخانىسىنى ئايلاندۇق. مېنىڭ ھەۋەس بىلەن تۈرلۈك كىتابلارنى تاماشا قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ۋاڭ ئاقساقال:

— گۇۋەنجاڭ، قېنى مېنىڭ كىتابلىرىمنى قائىدىسى بويىچە

بىر رەتلەپ بەرمەمسىز ، ــــ دەپ چاقچاق قىلدى .

ــــ ۋاھ ، رەتلىنىۋېتىپتۇ ! ــــ زوردۇنكامۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، چاقچاقلا قىلدى .

مەن ھەم ئوڭايسىزلىنىش ، ھەم خۇشاللىق ئارىلاش ۋاڭ مىڭغا قارىدىم :

ــــ ئۇنىڭسىزمۇ كىتابلىرىڭىز ئىنتايىن رەتلىك تىزىلغانىكەن ، ــــ دېدىم . گېپىم راست ئىدى .

بىز ئاخىر ھەممىمىزنىڭ زوقىنى قوزغىغان ، يازغۇچىنىڭ كومپيۇتېر قويۇلغان كۇتۇپخانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ ، مېھماندوست ، قەدىناس ساھىبخانلار بىلەن ، بولۇپمۇ سۆي روۋيفاڭ مۇئەللىم بىلەن ئۇزاقىچە خوشلاشتۇق . بىر كۈندىن كېيىن ۋاڭ مىڭ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىزنىڭ شەرىپىمىزگە بېرىدىغان زىياپەتكە قاتنىشاتتى .

دېگەندەك ۋاڭ مىڭ ئۆگۈنلۈكى چۈشكە يېقىن بىزنى تۇرار جايىمىزغا يوقلاپ كەلدى . زىياپەتتە ۋاڭ ئاقساقال ئىككىمىزگە دائىر ئەسلىمىلەردىن كۆپچىلىككە بېشارەت بېرىپ ، مېنى « ھېسامشۇناس » دەپ ئاتاپ ، بىر نەچچە لەتىپە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى . زوردۇنكامۇ بېيجىڭلىق مېھمانلارغا مېنىڭ يۇمۇر ساھەسىدىكى ئىلاھىدىلىكىمنى شەرھلەپ قويدى . مەن ئۆز تىلىمىزدا ھېسامنىڭ ئەڭ يېڭى چاقچاقلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېيتىۋىدىم ، ۋاڭ مىڭ راھەتلىنىپ ئۇزاقىچە كۈلدى .

شۇ كۈنى كەچتە داليەنگە ماڭدۇق . پويىزدا زوردۇنكام بىلەن يەنە ۋاڭ مىڭنىڭ گېپىگە چۈشۈپ قالدۇق .

ــــ ۋاڭ مىڭ ئىنتايىن ياخشى ئادەم ، ــــ دېدى زوردۇنكام خىيالچان ، ــــ ئۇ ئەدەبىياتنىمۇ چۈشىنىدۇ ، ئادەملەرنىمۇ چۈشىنىدۇ . ئۇ بىلىملىك . ئەدەبىياتقا بارلىقىنى بېغىشلىغان

يازغۇچى . ھە ، يازغۇچى شۇ خىسلىتى بىلەن قىممەتلىك !
زوردۇنىكام ۋاڭ مىڭ ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى ئەسلىمىلىرىنى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەھلىللىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپ كەتتى . قەلبىمدە ۋاڭ مىڭ ۋە زوردۇن سابىرغا بولغان ھۆرمەت ، ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئىككى گىگانت ئادىمىگە بولغان ئەقىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى .
ئارىدىن توققۇز ئاي ئۆتۈپ ، سۆيۈملۈك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىردىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدۇق . ئىشىنىمەن ، ۋاڭ مىڭ ئاقساقالمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن قايغۇرغاندۇر ۋە ئۇزا نويابىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆز ئۆيىدە بولغان ئۇچرىشىشنى يادىغا ئالغاندۇر . مەن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش ئىكەنلىكىنى ئەينى چاغدىلا ھېس قىلغانىدىم . ئەمما ، بۇنىڭ بىز ئۇچۇن ئاخىرقى بىر مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپقالىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن . خەلقىمىزنىڭ « دەم غەنىيمەت ، دىدار غەنىيمەت » دېگەن سۆزى بىكارغا ئېيتىلماپتىكەن .
ھەسرەتا !

## 10

ئەمدىكى قۇرلارنى يېزىش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر .
1998 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ۋاقتى سائەت $10\frac{1}{2}$ لار ئەتراپى ئىدى . بىر چوڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ، بالدۇرراق قايتقاچقا ئىدارىگە يولۇقۇپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىم . ئۇ يەردە مېنى مۇدھىش شۇم خەۋەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى

نەدىن بىلەي !

كۇتۇپخانىمىزنىڭ قىرائەتخانا زالىغا كىرىشىمگە بىر قازاق خىزمەتچى ئايال بىر نەرسە خاتىرىلىۋالغان كىچىككىنە قەغەزنى قولىدا تۇتقىنىچە ئالدىمغا كەلدى .

— ئۈرۈمچىدىن تۇرسۇنئاي دېگەن ئايال تېلېفون بەردى، زوردۇن سابىر دېگەن كىشى تۈگەپ كېتىپتۇ .

قۇلاق تۈۋىمدە چاقماق چاقنىغاندەك تۇيۇلدى ، يۈرىكىم ئاغرىغاندەك بولدى . ئۆزۈممۇ سەزمەي يېنىمدىكى ئۈستەل گىرۋىكىگە تايىنىپ قاپتىمەن ، بۇ مۇمكىنمۇ !

خەۋەر يەتكۈزگەن ئايال چىرايىمغا قاراپ سەل جىددىيلەشتى .

— نېمە بولدىڭىز گۋەنجاڭ ، چىرايىڭىز ئاقىرىپ كەتتى . مەيەرگە ئولتۇرۇۋېلىڭ .

ئولتۇردۇم . كاللامدا ئۆزگىچە خىيال يوق ، گاراڭدەك . تېخىچىلا قۇلاقلىرىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . بۇ مۇمكىنمۇ !

خەيرىيەت ، بىر هازادىن كېيىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم . جۇدالىق سىزىمىگە چۇلغانغىنىمچە ئۆزۈم مۇهىم ۋە ئىشەنچلىك دەپ هېسابلىغان بىر ـ ئىككى يەرگە تېلېفون بەردىم ، شۇم خەۋەر راستقا ئايلاندى . هەممىلا كىشى ، خەۋەر تاپقانلا ئادەملەر مۇسىبەتتە ئىدى .

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۆزۈمنى يەنىمۇ رۇسلاپ ، مەرهۇمنىڭ ئائىلىسىگە تېلېفون بەردىم . تېلېفوننى هايال قىلماي بىر ياش يىگىت ئالدى . ئىسمىنى شىرئەلى دېگەندەك قىلدى . ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيمەن دېدى . مەن ئۇنىڭدىن ئەهۋالنىڭ جەريانىنى قىسقىچە سوراپ بىلدىم . تۇرۇپكىدىن چەكسىز نالە ـ

www.uyghurkitap.com

زارلار ، كۆچىلۈك يىغا ـ زىرىلەر قۇلىقىمغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . ئۆپكەم تېخىمۇ ئۆرۈلدى . يىغا ياماشتى . يىغا ئارىلاش ئاۋازدا تۇرۇپكىغا چىڭ ـ چىڭ سۆزلىدىم :

— زوردۇنكامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپتۇق . بىز ئېغىر مۇسىبەتتە ، پۈتۈن ئىلى خەلقى مۇسىبەتتە . مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە تەزىيىمىزنى يەتكۈزۈڭ ، مېنىڭ ئىسمىم مەھمۇت مۇھەممەت ، ئىلى ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىدا ئىشلەيمەن . كۈتۈپخانىمىزدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر نامىدىن ، ئىلى دىيارىدىكى زوردۇنكامنىڭ سانسىز كىتابخانلىرى نامىدىن مەرھۇمغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن ! ...

تېلېفوننى قويۇۋەتتىم . يادىمغا غەيۇر بىر سىما قادىلىپ كېلىپ ، ھېسسىياتلىرىمنى تېخىمۇ مۇڭغا ، يىغىغا بۆلۈۋەتتى . تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدا يۇرتىدا چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى يازغان ، بىز بىلەن بىللە سورۇنلاردا مۇڭداشقان ، كۈلگەن ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل ، سۆيۈشىگە سازاۋەر ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق ئەدىب ئەمدى بۇ دۇنيادا ، تىرىكلەر ئارىسىدا يوقمۇ ؟ تېخى ئاتمىش يىللىق تويىنى يېقىندىلا ئۆتكۈزگەن قەلەم غەيرەتكارى ، مول ـ ھوسۇللۇق ، مەلىكىلىك ئىجادىيەتچى قەلەم تەۋرىتىشتىن قېپقالدىمۇ ؟ !

دوستلاردىن ، تونۇشلاردىن تېلېفونلار كېلىشكە ، بەزىلىرى ئۆزلىرى كېلىشكە باشلىدى . مېنى ئۇقماي قالدىمۇ دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنلەرمۇ ، جۇدالىق ھېسلىرىنى ئورتاقلاشماقچى بولغانلارمۇ بار ئىدى . ھەممەيلەن بىرلا تۇيغۇدا ، بىرلا ئېچىنىشتا ، بىرلا ھازىدا ئىدى : زوردۇن سابىر راستلا ئۆلۈپ كەتتىمۇ ؟ !

ئۆلۈم بىر ئاچچىق ھەقىقەت ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى . لېكىن ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمگە نىسبەتەن گاھىدا كۆپۈرلۈق قىلىپ قالىدۇ ئادەم . دەرھەقىقەت ، شۇنداق ئىنسانلارمۇ

www.uyghurkitap.com

باشاپ ئۆتىدۇ. ئارىمىزدا، ئۇلارنى ئۆلمىسە ئەڭ بولمىغاندا ئەل ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ئۇزاق ـ ئۇزاق ياشىسىدى دەپ تىلەپ قالىدۇ ئادەم.

تەزىيە تېلېگراممىسى يېزىۋاتىمەن. تۈنجى قېتىم ئەڭ قىيىن ژانىرنىڭ تېلېگراما ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇستاز ۋاپاتىغا يىزىلىدىغان كۆڭۈل ئىپادىلىگۈچى سۆزلەرنى تاپالماي، تاللىيالماي، تىلغا بەكمۇ گادايلىقىمنى سەزدىم.

بىرنەچچە كۈنگىچە مەھزۇن يۈردۈم، زوردۇنكامنىڭ نامىزىغا بارالمىغانلىقىمغا ھەسرەتلەندىم. ئاپامنىڭ قان بېسىمى پەۋقۇلئاددە ئۆرلەپ كەتكەندى، يېنىدىن ئايرىلسام بولمايتتى.

تالاي كۈنلەرگىچە زوردۇنكامنىڭ گېپى بولۇپ تۇردى. خىيالىم ھامان ئۇنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىدە ئىدى. كۆز ئالدىمدىن كۆزەينەكلىك، بۇرۇتلۇق، غولجا دوپپىسىنى سەل يانتۇ كىيىۋېلىپ يۇمۇرلۇق تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدىغان زوردۇن سابىر، غولجا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى، ئۇرۇمچىدىكى، خوتەندىكى، شىنەن، بېيجىڭ، يەنئەن، دالىيەندىكى زوردۇن سابىر زادىلا كەتمەيتتى.

ئۇستازنىڭ ۋاپاتىغا دائىر خەۋەرلەر، مەرسىيىلەر، ئەسلىمىلەر بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى يىغىپ، ساقلاپ قويدۇم. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان پەيتتە ئۇلار يېزىق ئۈستىلىمدە، ئەتراپىمدا يېيىلىپ تۇرۇپتۇ. مانا، قولۇمغا زوردۇن سابىرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «مۇسىبەتنامە» ناملىق بىروشيۇرنى يەنە ئالدىم. خۇددى ھاياتتەكلا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان ئۇستازغا يەنە قارىدىم. بويىنىدىكى ئاق يوللۇق گالستۇكىنى پويىزدا ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىۋېتىپ، ئىلتىماسى بويىچە، دالىيەندىن سېتىۋالغان

مارجان گالستۇكنى تاقاپ قويغانىدىم .

— بولدى ئۇكاۋۋي ، ئانچىلا سىقمىساڭ گالنى ، — دەپ چاقچاق قىلغانىدى زوردۇنكام بوينىنى قەستەن مىدىرلىتىپ ، — قەرزىڭ باردەك كارەكتىن ئالسەنا گەپ قىلمىسا ، ھىم ...

يەنئەندە ، كەچلىك زىياپەتتىن چىقىپ بىر توپىمىز ئىككىمدىن ـ ئىككىدىن بولۇپ رىكشا ( سەنلۇنچې ) غا چۈشۈپ يەنئەننىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغانىدۇق . بۇ بىزنىڭ يەنئەنگە بارغان تۇنجى كۈنىمىز ئىدى . بىزنى رىكشىغا ئولتۇرۇشقا دالالەت قىلىپ « ھەممە كىرا پۇلىنى مەن تۆلەيمەن » دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان ئۆمەر سايىم قايتارىمىزدا ئەتەي قىزىقچىلىق قىلىپ بىزنى تاشلاپ ، ئالدىدا ئۇزاپ كەتتى . ياتاققا قايتقاندا ، بۇ ئىش توغرىسىدا مەن مۇنداق بىر كۇبلېت قوشاق توقۇغانىدىم :

سەنلۇنچېدا ئايلاندۇق ،
كوچىسىنى يەنئەننىڭ .
قاپقىنىغا بىر چۈشتۇق ،
ئۆمەر دېگەن شەيتاننىڭ .

قوشاق ھەممەيلەنگەن ، شۇ قاتاردا زوردۇنكامغىمۇ ياقتى .

— ياھ ، ئەجەب ئىتتىك توقۇيدىغان بوپكېتىپسىنا ، قېنى ، مېنى قېتىپ بىرنى توقۇپ باققىنا نوچى بولساڭ ، — دېدى ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ .

— توقۇيمىز ، ۋاھ ، توقۇمىغاندا ! — مەنمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ زوردۇنكام ئۆزىنىڭ تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەرگەنىدىم .

مۇسىبەت كۈنلىرىدە ئاشۇ ئىشمۇ يادىمغا كەلدى . تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۆرۈڭكى ، ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتمەي ـ ئۆتمەي راستىنلا زوردۇنكام ھەققىدە « قوشاق » يازدىم .

بىراق بۇ قىزىقچىلىق يۈزىسىدىن يېزىلغان نەزمە بولماستىن، بەلكى مۇڭلۇق، سېغىنىشلىق مەرسىيە ئىدى.

خىزىرنى كۆرمىدىم ئەمما خىزىردەك،
سۆزلەرنى گاھىدا قىلاتتىڭىز، سىز.
بىلدۇق دەپ يۈرىمىز چەللىدە چىپىپ،
بۇ دۇنيا ھېكمىتىن بىلەتتىڭىز، سىز.

كۆزەينەك تېگىدىن كۈلۈمسىرىگەن،
ئەقىللىق ئۇ كۆزلەر يادىمدا ھامان.
جۈملىسى بەرگۈسىز بىر رىسالىگە،
يۇمۇرلۇق شۇ سۆزلەر قەلبىمدە ھامان.

تۇپراقتا ياشنىغان مېھرىگىياھدەك،
ئۇ ئەزىم سەھرادىن بالقىپ چىقتىڭىز.
ئابرالدىن كىشنىگەن ئىلى تۇلپارى،
بەيگىدە ھەممىدىن ھالقىپ چىقتىڭىز...

مەرسىيەمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، ھەرقانچە يازسامۇ قەلبىمدىكى سۆزلەرنى ئىپادىلەپ تۈگىتەلمەيدىغاندەك ئىدىم. مەيلى، ئۇستاز خاتىرىسى يۈرىكىمدە ھاياتىم بويى يېزىپ ئاخىرلاشتۇرالمايدىغان يادنامە بولۇپ ساقلىنىپ تۇرىۋەرگەي!

يادىمغا زوردۇن ئاكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىلىغا كەلگەن چاغلىرى چۈشتى. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاداققى بىر نەچچە ئايلىرىنى ئۇ ئانا يۇرتىدا ئۆتكۈزگەن، زور غەيرەت، ئىجتىھات بىلەن «ئانا يۇرت» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى، قۇتلۇق يالدامىسىنى يېزىپ تاماملىغانىدى.

1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر شەنبە كۈنى ئەتگەندىلا ئۆيىمىزنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى . تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپلا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدىم .
— مەھمۇت ، ھە ، دەم ئېلىشما ؟
— ھەئە ، دەم ئېلىش قىلىپ ئۆيدە ئولتۇردۇق . ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداق ، زوردۇنكا ؟
— ياخشى ، كىتابنى يېزىپ تۈگەتتىم . نەچچە كۈندىن بېرى كالىلىنى بىر دەم ئالدۇرايلا دەپ سىدىقلار بىلەن شاھمات ئويناۋاتىمەن .
— ھازىر نەدىن تېلېفون بېرىۋاتىسىز ، ياتاقتىنمۇ ؟
— ھە ، ياتاقتىن بولماي ، چاتاقتىن بولامدۇ . رەشىدە ئۆيدە باردۇر ؟
— بار ، ئۇمۇ بۈگۈن دەم ئالدى . كەلمەمسىز !
— رەشىدە چۆچۈرىگە ئۇستا ـ ھە ؟
— چاتاق يوق ، چۆچۈرە ئىچكۈڭىز كەلگەن بولسا ، كەلتۈرۈۋېتىدۇ ، — مەن خۇشاللىق بىلەن زوردۇنكامغا چاقچاق قىلغاچ ، ئاللىقاچان كىمدىن كەلگەن تېلېفونلۇقنى پەملەپ ، يېنىمغا كېلىپ قىزىقسىنىپ تۇرغان ئايالىمغا تۇرۇپكىنى بەردىم ، — مانا زوردۇنكا ، تېلېفوننى رەشىدە ئۆزى ئالدى ، زاكازنى بۇيرۇۋېرىڭ .
ئايالىم رەشىدە ، يەنى زوردۇنكامنىڭ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىسى ئۇستازى بىلەن تېلېفوندا پاراڭلىشىشقا باشلىدى . بىر پەستىن كېيىن قىزىق بىر چاقچاقتىن ئۆنلۈك كۈلگىنىچە « ئەمىسە كېلىڭ ، سەل تۇرۇپ مەھمۇت ئالدىڭىزغا بارسۇن . چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ جۇۋاۋىنى تەييار قىلىمەن » دېدى ـ دە ، تۇرۇپكىنى جايىغا قويدى .

مەن ھەيران بولدۇم.

— باياتىن زوردۇنكام چۆچۈرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى، ئەمدى سىلەر جوۋاۋا دەيسىلەرغۇ؟

ئايالىم تېخىچە كۈلگىنىچە چۈشەندۈردى.

— زوردۇنكامنىڭ گەپلىرى قىزىق - تە. «چۆچۈرىگە ئۇستىمۇ سىز ياكى جوۋاۋىغىمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلغانىدى، مەن «ئىككىلىسىگە ئۇستا. ئۆزىڭىز بىر نىمە دەڭ، چۆچۈرە ئېتەيمۇ، جوۋاۋىمۇ؟» دېسەم، ھەييارلىق قىلىپ «جوۋاۋىراق» دەيدۇ.

باياتىن بىرى كىرئالغۇنى ئېچىپ، كىر يۇيۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئايالىم، ئۇ ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، دەررۇ تاماقنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. بىر تەرەپتىن ئۇستەلنى راسلاپمۇ ئۈلگۈردى. تاماقنىڭ كەم - كۈتىلىرىنى يەتكۈزۈۋېتىپ، سائەت ئون بىرلەردە ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردىكى شاۋكەت ئابدۇش ھاجىم مېھمانخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. بەشىنچى قەۋەتكە چىقار - چىقماي زوردۇنكام چاپىنىنى بىلىكىگە قىستۇرۇپ ئالدىمدا پەيدا بوپقالدى.

— ۋاھ، باياتىن كەلمىسەڭ تېخى يالتىيىۋالدىمىكىن دەپتىمەنا! — دەپ چاقچاقمۇ قىلدى.

دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا كوچىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئالار مەندىن ساتارمەن كۆپ دېگەندەك قەدەمدە بىر سېتىقچى ئۇچرايتتى. زوردۇنكام بۇ ھالغا دىققەت قىلدى.

— پاھ، غۇلجىلىقنىڭ ھەممىسىلا ئوقەتچى بوپكەتتىمۇ نىمە؟ — دەپ قويدى.

ئىيۇن ئىسسىقى ھەدېمەيلا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئادەم شالاڭ، سالقىنراق چەت ياقىنى تاللاپ يول باشلىدىم. ھەممىلا يەردە قۇلۇپنىڭ سېۋەتلىرى، تەگزىلىرى



www.uyghurkitap.com

ئۇچرايتتى. قۇلۇپنىك ئېلىشىلىش ئۇچۇن توختاپ، باھاسىنى سورىدىم. سەۋەبى باياتىن چاندۇرماي يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم، يېنىمدا سەككىز سوملا بار ئىكەن. سەككىز سومغا بىر كىلومۇ قۇلۇپنىك كەلمىسە، مېھمانىنىڭ ئالدىغا تىزىشقىمۇ سەت. شۇنى ئويلىدىم ـ دە، يولۇمنى داۋام قىلدىم. سەزگۈر زوردۇنكام چاقچاق كەلتۈردى:

ــ ئەرزەنرەك قۇلۇپنىكتىن ئالاي دەيسىنە؟

گېپىمىزنى ئاڭلاپ قالدىمۇ، ئېرىق بويىدا ئىككى سېۋەتتە خېلى تۈزۈككىنە قۇلۇپنىكنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرغان ياش يىگىت بىزگە قاراپ كۈلدى.

ــ كېلىڭلار ئاكا، سىلەردەك ئادەملەرگە ئەرزان بەرمەي، كىمگە بېرىمىز!

زوردۇنكامدىن يەنە چاقچاق چىقمىسۇن دەپ پۇلۇمنىڭ كېلىشىگە كۆڭلۈمدىكىدەك قۇلۇپنىك ئالدىم.

پاراڭ بىلەن بىزنىڭ بىناغىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

ــ ئۆيۈڭ مۇشۇ بىنادىمۇ؟ مانا قارا، ئۆيۈڭگە نەچچە كەلدىم بولمىسا. ئالدىمغا بارغىنىڭ ياخشى بوپتىكەن جۇمۇ مەھمۇت. مەن قېرىپ قېلىۋاتىمەنمۇ ـ ياشەھەر تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتامدۇ؟

ئۆيگە چىقتۇق. ئامان ـ سالامدىن كېيىن چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق، مەن شۇندىلا زوردۇنكامدىن يېڭى پۈتكۈزگەن ئەسىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سورىدىم.

ــ مۇبارەك بولسۇن، چوڭ تاغنى باشتىن ئىرغىتىپسىز.

ــ بىر ئەمەس، ئۈچ تاغ دېگىنە! ــ زوردۇنكام چاقچاق قىلدى، مەن ئەجەبلەندىم.

ــ نېمىشقا، تۆت تاغ ئەمەسمىدى؟

www.uyghurkitap.com

— بىرنى قىسقارتتىم ، — دېدى زور دۇنكام جاۋاب بېرىپ ، — بىر كىتابنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئايرىپ ئېلىپ قالدىم . ئويلاپ قارىسام شۇ ئۈچ كىتابمۇ يېتەرلىك بولغۇدەك .

يەنە ئارتۇقچە سوئال سوراشقا پېتىنالماي ، ئۇستازىمنىڭ يەنە سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم .

— مەھمۇت ، مەن ساڭا بىر گەپ قىلماقچى ، — دېدى نىھايەت زور دۇنكام ، — بىر ياشتىن ئەقىل سورا ، بىر قېرىدىن دەپتىكەن . مەن « ئويغانغان زېمىن » نىڭ 3 ـ كىتابىنى يازايمىكىن دەيمەن . سىنىڭچە قانداق ، مەن يازسام بولارمۇ ؟

خۇشاللىقىمدا دەرھال جاۋابقا ئېغىز لاندىم :

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ، سىز يازسىڭىز ھەممىمىز خۇشال بولىمىز .

— ئۆتكۈر ئەپەندىم « ئويغانغان زېمىن » نىڭ 2 ـ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا « قالغان قىسمىنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېزىپ چىقىشىغا ئىشەنچىم كامىل » دەپتىكەن . بەلكىم ، مەندىنمۇ كېيىن قابىل ياشلاردىن بىرەرىڭلار چىقىپ تېخىمۇ ياخشى نۇسخىسىنى يازارسىلەر . ئەمما ، مەنمۇ بىر يېزىپ باقايمىكىن دەيمىنا .

— سىز جەزمەن ياخشى يازالايسىز ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ روھى رازى بولغۇدەك ۋە خەلقىمىز خۇشال بولغۇدەك يازالايسىز .

— ھەقىقەتەن ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇرسەن بولماقتا ئىدىم . خۇرسەنلىكىمنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇنداق مۇھىم بىر پىلاننى ، ئۇچۇرنى ئۇستازىنىڭ ماڭا كۆڭۈل ساناپ ئىزھار قىلغانلىقى بولسا ، يەنە بىر سەۋەبى ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قۇتلۇق ئىجادىيەتكە بەل باغلىغانلىقى ئىدى .

— « ئانا يۇرت » نىڭ ماتېرىياللىرىدىن قۇمۇل

قوزغىلاڭلىرىغا، خوجا نىياز ھاجىغا، شىڭ شىسەيگە دائىر زور بىر بۆلىكىنى ئايرىپ ئىپىقالدىم، — زوردۇنكام پاراڭ قىلغاندا ئۇزمەيدىغان ھەرىكىتى بويىچە كۆزەينىكىنىڭ ئىككى گەردىشىنى تۇتاشتۇرغۇچى يىرىنى بىسىپ، تۇزەپ قويۇپ پارىڭىنى داۋام ئەتتى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بولتۇر ئىكسكۇرسىيىنىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدا سىلەردىن ئايرىلىپ قىلىپ، نەنجىڭگە باردىمغۇ، — ھە، ئۇ يەردىمۇ بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئۇگەندىم. قىنى ئامانچىلىق بولسا بىر نىڭقىپ باقمايلىمۇ.

ئۇ گەپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاق بىلەن تۇگەتتى. پەقەت ئىرادىسى كۇچلۇك، ئىشەنچى تولۇق ئادەملەرلا جىددىي مەسىلىلەردىمۇ ئاشۇنداق كىلىشكەن چاقچاقنى قىلالايتتى.

بايا بىزنىڭ ئۆيگە زوردۇنكامنى باشلاپ كىرگەندىلا، قوشنىمىز تۇرسۇنمۇھەممەد ئىمىن ئاكىغا تىلىفون بىرىۋەتكەنىدىم. پەلەمپەيدە ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ھاسىرىغان پىتى ئالتىنچى قەۋەتنىڭ غەيۇتىنى قىلىپ چىقىۋاتاتتى.

سالام سائەتتىن كىيىن يەنە قىزىق پاراڭ باشلاندى. تۇرسۇنمۇھەممەد ئاكىمۇ «ئانا يۇرت» نىڭ تاماملانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن زوردۇنكامنى مۇبارەكلىدى.

— ھەر ھالدا يىزىپ تۇگەتتىم، — دىدى زوردۇنكام خىيالچان ھالدا، — ئەمما بۇ ئەسەرنى خۇددى ئەتە ئۆلۈپ كىتىدىغاندەك ئالدىراپ يازدىم جۇمۇ ئاغىنىلەر.

يۇرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. تۇرسۇنمۇھەممەد ئاكا كايىدى:

— ئاغزىڭىزغا تاش، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماڭا زوردۇنكا، سىز ياشايسىز تىخى، خەلقىمىز ئۇچۇن يەنىمۇ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى يازىسىز!

www.uyghurkitap.com

— ئۇمىدقۇ شۇنداق، بىراق ئىمكان يار بېرەمدۇ، ئىمكان، — دېدى زوردۇنكام بېشىنى چايقاپ. — قېرىندۇق دەيمەن قارىسىلا، كېسەل چىرماپ كەتتى. كېسەل، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تەرەپنىڭ كېپىنىمۇ قىلىپ تۇرمىساق بولمايدۇ ئەمدى.

هايال ئۆتمەي ئۇ يەنە گېپىنى داۋام ئەتتى. بۇ ئەسلىمەمنىڭ بېشىدا يازغان، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مېھمانخانىسىدا، 504 ـ ياتاقتا زوردۇنكام ماڭا قىلغان گەپنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ دەل شۇ گەپنى قىلغىنىدا مەن ھېلىقى بالىلىق ۋاقتىمدىكى غەمگۇزار چىلان تورۇقنى يادىمغا ئالغانىدىم.

ئاڭغىچە تاماق كەلتۈرۈلدى. زوردۇنكام يەنە خۇش چاقچاقلىقى، پاراڭچىلىقىغا قايتىپ، قىزىق گەپلەر بىلەن بىزنى كۈلدۈردى.

سۆھبەتلىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتۇق.

— خىزىردەك ئادەم ئىدى جۇمۇ، — دېدى زوردۇنكام ۋاپات بولۇپ خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن تۇرسۇنمۇھەممەد ئىمىن ئاكا ماڭا، — سىزنىڭكىدە قىلغان ھېلىقى گېپى يادىڭىزدىمۇ؟

زوردۇنكام كىتابىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە قايتقۇچە يەنە ئەھمىيەتلىك ئىككى ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆتكەنىدى.

1998 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى بىر دەم ئېلىش كۈنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىكى يولداشلار زوردۇنكامنى ئىلى دەريا بويىغا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلدى. بۇ تېخى خېلى كۈن ئاۋۋال، ئالدىن دېيىشىپ تۇتۇپ قويغان ئۆچىرەت ئىدى. بۇ مېھماندارچىلىققا مەنمۇ چاقىرىلغانىدىم. ئىلى دەريا كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدىكى ئۈستى ئوچۇق ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە

ئازادە، سالقىن، كۆكۈللۈك سورۇن قۇرۇپ ئولتۇردۇق. بۇ كۈنى زوردۇنكامنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. ھەيۋەتلىك ئىقىنغا قاراپ دەم خىياللىنىپ، دەم ھاياجانلىنىپ، سۆھبەتنىڭ گۈلخىنىنى مەنىلىك، مول پاراڭلىرى بىلەن قىزىتىپ ئولتۇردى. يادىمدا قېلىشىچە ئۇ شۇ كۈنى تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجىغا ئوخشاش مەرھۇملارغا تولۇپ تاشقان مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن باھا بەردى.

— تېيىپجىنىكام قانداق ئېسىل ئادەم ئىدى ـ ھە؟ كىچىك پېئىل، ئاددىي ـ ساددا، شۇنداقلا تالانتلىق ۋە قابىل. ئۇ ئۆمۈرۋايەت باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ھەتتا ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارغىمۇ...

ئاردا بىز ئولتۇرغان ئاشخانىنىڭ ئىگىسى، قىرىق ياشلاردىكى كىشى باشقىلاردىن زوردۇنكامنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، سورۇنىمىزغا كېلىپ بىر ھازا ئولتۇردى. زوردۇنكامغا دادىسى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئويلىمىغان يەردە ئۇنىڭ دادىسى بىلەن زوردۇنكام يېقىن تونۇش، يەنە كېلىپ زوردۇنكامنىڭ بىر پوۋېستىنىڭ پروتوتىپى چىقىپ قالدى.

— دادام دائىملا گېپىڭىزنى قىلىپ، زوردۇن دېگەن كاتتا يازغۇچى مېنى يازغان دەپ يۈرىدۇ. سىز ئۆزىنى يازغان كىتابنى (پوۋېستنى دېمەكچى) قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۈرۈمچىگە ئوقەت بىلەن ماڭسىلا سىزنى ئىزدە دەپ تاپىلايدۇ. قايسى يىلى بىر ئىزدىسەم مەكىتكە كېتىپتىكەنسىز. كېيىن تىجارەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا سىزنى ئىزدىيەلمىدىم، سەت بولدى. ياتىقىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالاي، ئەتىلا يېنىڭىزغا بېرىپ، سىزنى ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ، دادامنى ئىلگىرى ـ كېيىن خۇش قىلىۋەتمىسەم. بارىسىز ـ ھە، سىز يازىدىغان يېڭىياچە

ئىشلارنى جىق قىلىۋەتتۇق ، بىر-بىرىمىزنى كېچىكتۈرۈپ ، بىر كۆچەتزارلىق قىلدۇق ...

ئۆزىنى ئەلگە بېغىشلىغان يازغۇچى نەگىلا بارسا ھۆرمەت، ئىللىقلىق ، بېغىشلىق تاپالايدۇ .

شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر غۇلجىدىكى ياشلارنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم ئاپتورلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزدى .

زوردۇن ئاكا ئەدەبىياتنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاكتىپ ئامىللار بىلەن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ، تەجرىبىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئەتراپلىق سۆھبەت بايان قىلدى .

ئەدىب « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە سانلىرىنى كۆرۈپ چىققانىدى ، شۇ تەسىراتلىرىغا ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلىگەن ، بايقىغانلىرىنى قوشۇپ ئۇ غۇلجىدىكى ياشلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى ھەققىدە كونكرېتنى توختالدى . ئەينى ۋاقىتتا « ئىلى دەرياسى ① » ژۇرنىلىغا بېسىلغان بۇ قىممەتلىك سۆزلەرنى مۇشۇ ئەسلىمە كىتابىمىزغا يالداما سۈپىتىدە قوندۇرۇپ قويساق ، ئارتۇقچە بولماس :

△مەن « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ ئوقۇرمەنى . « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن تەرەققىي قىلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى . مەن بۈگۈن شېئىر

---

① 1998 ـ يىلى 4 ـ سانىدا .

ھەقـقـىـدە كـونـكـرېـتـنـى بـىـر نەرسە دېمەي تۇراي ، شۇنداقتىمۇ شـېئـىـرلارنـىـڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىغاندا كۆپ قىسىم شېئىرلاردا پىكىر يالىڭاچلىقى يەنىلا مەۋجۇت بولسا ، يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا مەۋھۇملۇق ئەھۋاللىرى ساقلانماقتا .

△ھېـكـايـىـلـەرنـى كـۆرۈپ مەندە خۇرسەن بولۇش ھېسسىياتى بـىـلـەن بـىـئارام بـولـۇش كـەيـپـىـيـاتى تەڭلا شەكىللەندى . ياش ئاپـتـورلارنـىـڭ ئىجادىيەت مۇھىتى مېنى راستىنلا خۇشال قىلدى . ئۇلارنـىـڭ قـەلـىـمـىدىن مەن ئۈمىد ئۇنچىلىرىنى كۆردۇم . مەن بۇ يـەردە ئارتـۇقـچـىـلـىـق بـىلەن كەمچىلىك توغرىسىدىكى پىكرىمنى ئوچۇق ـ ئازادىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمەن . « مېنىڭ ئىشىكىم » نـامـلـىـق ھېكايىنى كۆرۈپ ، يىگىنچە بىر نەرسىنى يولۇقتۇرغاندەك بـولـدۇم . ئىـشـەكـنـىـڭ هاراقـخـۇمار بولۇپ قېلىشىدەك بۇ ئەھۋال يـازغـۇچـىـنـىـڭ قەلىمى بىلەن خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇلۇپ بـېـرىـلـىپتۇ . مەن ئادەملەرنىلا هاراقخۇمار بوپقالىدۇ دەپ يۈرسەم ، ئىـشـەكـتـەك مۇنداق دۆت مەخـلـۇقـلارمۇ هاراقـقا خـۇمـار بولۇپ قالـىـدىـكەن ـ ھە ( كۈلكە ) . دېمەك ئۇ يېڭىلىق يارىتالىدى .

△« شـەيـتـانـچـاق پـاجـىئەسـى » نـى قـىـزىقىش بىلەن ئوقۇپ تـۈگەتتىم . بۇ ھېكايىمۇ ياخشى يېزىلىپتۇ . ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسى ، سـۇژېـتـى ئـىـنـتـايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ . ھېكايە ئۆزىـدىـكـى ئۇشـتـۇمـتـۇتـلـۇق ، جـىـددىـيـلىك كەيپىياتى بىلەن ئوقۇرمەنىنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ .

△« كـونـا ئەسـكـەر » نـامـلـىـق ھېـكـايىنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان تـەسـىـرى ئانـچـە چوڭ ئەمەس . ئىپادىلەشتە بارغانچە سوسلىشىپ مـاڭـغـان . ئۇنـىـڭـدىـن بـاشقا ھېكايىدە مايۇر پولكوۋنىك قوشۇپ ئىـتـىـلمايدۇ . يەنە بىر يەردە ئەسەر قەھرىمانى ماناس دەريا بويىدا ، ئۇرۇش قىلدۇق دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدۇ . ئۈچ ۋىلايەت

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى تارىخىدا ماناس دەريا بويىدا ئۇرۇش بولغان ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر يازغاندا كونكرېتنى تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلىشمىسىز كېرەك . يازغۇچىدا كۆپ قىرلىق بىلىم بولغىنىدا، ئەسەرنىڭ چىنلىق خۇسۇسىيىتى قويۇقلىشىدۇ .

△« ئايدىكى داغ » پوۋېستى ناھايىتى كۆركەم تىل بىلەن يېزىلىپتۇ . جۈملىلەردىكى ئوخشىتىشلارمۇ كىشىنى قايىل قىلارلىق ھەم كونكرېتنى بوپتۇ . بىراق ، تۇرغۇنئاينىڭ بىردىنلا مۇدا كىيىم ئەترىتى قۇرۇپ ، ئۆزگىرىپ كېتىشى مېنى قايىل قىلالمىدى . ئاپتور يەنە گۇاڭجۇنىڭ سەنيۈەنلى دېگەن يېرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولسىمۇ ، كونكرېتنى بىرەر تەپسىلات ۋە دېتال بەرمىگەچكە ئوقۇرمەنلەرگە چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلمەيدۇ . ئەسەر ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپتۇ . ئەسئەتنىڭ ئومۇمى ئىجادىيەت ئەھۋالىغا قارىغاندا يازغۇچى بولۇپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ .

△مەن ھەببەنىڭ ھېكايىلىرىنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرىمەن . بۇ قىزىمىزمۇ ياش ئاپتورلىرىمىز ئىچىدىكى ئۈمىدلىك نوتىمىز . بىراق ، ھەببە قىز ئۆزىنىڭ خىيالى ۋە تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كىتەلمەيۋاتىدۇ . ھەببە ، سىز ئۆزىڭىزدىن ھالقىپ ئەسەر يېزىڭ . بۇ چەمبىرەكتىن چىقىپ ئەسەر يېزىش ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ . بۇ چاغدا سىزدىن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر چىقىدۇ .

تۆۋەندىكىلەر زوردۇن سابىرنىڭ شۇ كۈنكى سۆھبەت يىغىنىدا ئىلىدىكى يازغۇچى ۋە ئاپتورلارغا قويغان ئۈچ تۈرلۈك تەلىپى .

1 . تىل ئىشلىتىش جەھەتتە : A تىلنىڭ ساپلىقىنى ، گۈزەللىكىنى چوقۇم ساقلاش كېرەك . ئەرەب ، پارس تىللىرى بىزگە كۆركەم تۇيۇلامدۇ ياكى ئۇنى ئىشلەتسە ئەسەرنىڭ دەبدەبىسى ئاشىدۇ دەپ قارامدۇق ؟ ئىشقىلىپ كۆپچىلىك ئاپتورمۇ

شۇ خىل مايىللىقنى قوتۇلالمايۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز قانداق چىرايلىق ـ هە، بىز نېمىشقا مۇشۇ پاكىز، ساپ تىلىمىزنى ئىشلەتمەيمىز. شەخسەن مەن ئۇيغۇر تىلىغا ئىنتايىن سادىق يازغۇچى. B چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەرنى دوراپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن، ئېغىر جۈملىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىڭلار. ئاددىي، راۋان، يېنىك جۈملىلەر ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنداق تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەر ئوقۇرمەنلەرگە ئازادىلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. C جۈملىلەردە مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2. ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاش مەسىلىسى: ئىلىدا ئۆزىنى ئەدەبىياتقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېغىشلىغان يازغۇچىلار چىقىشى كېرەك ئىدى. هازىر يازغۇچىلاردا پۇل، مەنسەپ، راهەتكە ئىنتىلىش كەيپىياتى ئىنتايىن ئېغىر. راهەتكە ئىنتىلىش ئىنسان پىسخىكىسىدىكى ئەجەللىك كېسەل. يازغۇچى ئاكلىق هالدا جاپانى ئىزدەيدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان، ئەدەبىياتتىن باشقا هېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان روهنى ئىجادىيەت ئىستىلى قىلىشى كېرەك، راهەتكە ئىنتىلگەن ئادەم يازغۇچى بولالمايدۇ. يازغۇچى ئەلگە، خەلققە راهەت بېغىشلىشى كېرەك. يازغۇچىغا تارتۇق قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ راهەت خەلقنىڭ ئالقىشى.

3. ئۇسلۇب ھەققىدە: ئۇسلۇبتا بىر خىللىق بار ئىكەن. هازىر دۇنيادا 116 خىل ئېقىم بار. ئۇنى هازىر 10 غا يىغىنچاقلىدى. يازغۇچى غەيرەت ئاسىم ئاڭ ئېقىمى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ بىر يېڭىلىق. ئىلىدىكى ياشلارنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن قارىسام، مەمتىمىن هوشۇرنى دوراپ ئەسەر يازىدىغانلار كۆپىيىپ

قاپتۇ . ئۇ يولنى مەمتىمىن هوشۇر ئۆزى ياراتتى ھەم بۇ يول ئارقىلىق نەتىجە ياراتتى . ئەمدى ئۇنى دورىساڭلار ئۇ ئىجادىيەت بولمايدۇ . شۇڭا ھەركىم ئۆزىگە خاس يول يارىتىشى كېرەك . دورامچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . سىلەر يازغۇچى بولامسىلەر ياكى مەمتىمىن هوشۇر بولامسىلەر . تېما تاللاشتا بولسۇن ، ئۇسلۇب يارىتىشتا بولسۇن ، ئۆزۈڭلارنى ئەركىن ئازادە قويۇپ يېڭىلىق يارىتىڭلار . ئومۇمەن ئىلىدىكى ياشلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى مېنى ئۈمىدلەندۈردى .

— ئاخىرىدا « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر بىلەن « ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلىنىڭ ئىناۋىتى ۋە تەسىرىنى ساقلاش ئاساسىدا بۇ دولقۇنلۇق دەريانىڭ شاۋقۇنىنى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭلارنى سورايمەن ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى زوردۇن سابىر ئاكا .

گەرچە بۇ سۆزلەر بىر رايوندىكى ئاپتورلارغا قارىتىلغان ، بىر ژۇرنال ھەققىدە سۆزلەنگەن بولسىمۇ ، مېنىڭچە بارلىق يازغۇچى ۋە ئاپتورلارغا ھەمدە يېزىشنى يېڭىدىن باشلاۋاتقانلارغا ، مىللىتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ .

بەلكىم بۇ زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئىلمىي نۇتۇقى ، ئەدەبىي مۇھاكىمە ۋە بايانى بولسا كېرەك .

مەن بۇ بىر بابتا ئۇستازىمنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ھەسرەتلىك بايانلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئۆزىنى بېغىشلاپ ئۆتكەن مۇقەددەس كەسپى ھەققىدىكى قىممەتلىك بايانلىرىنى تەڭ يازدىم .

چۈنكى ، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق قوشكېزەكتۇر . ھاياتلىق

بولغاچقىلا بۇ دۇنيادا ماماتلىق ھەم بولغان . ماماتلىق ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى توچكىسى ئەمەس . ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىنى بۈيۈك پەزىلەت ۋە يۈكسەك ئەقىل ـ ئىجتىھات نۇرى بىلەن جۇلالاندۇرالىغان ئىنسانلار ئۈچۈن جىسمى ماماتلىقنىڭ ئاخىرى مەڭگۈلۈك مەنىۋى ھاياتلىقتۇر .

زوردۇن سابىر ئاكا ئەنە شۇنداق بەختكە ھەقلىق يوسۇندا ئېرىشىشكە مۇناسىپ ئىنسان !

## خاتىمە

زوردۇن سابىر ئاكىدىن ئايرىلىپ قالدۇق .

ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز ئىقتىدارلىق ، بۆسۈش روھىغا ئىگە قابىل كۈچىنى ، مىللەت ، خەلق ئىشلىرىغا تەمەسىز جان كۆيەردىن ئايرىلىپ قالدى . خەلقىمىز بىر سۆيۈملۈك ئوغلانىدىن ئايرىلىپ قالدى . ئىجادىيەت قوشۇنىمىز بىر ھارماس پائالىيەتچىدىن ، ياش قەلەم ئېگىلىرى تەلەپچان ، غەمخور سەركەردىدىن ئايرىلىپ قالدى .

دەپنە ھەيئىتى تارقاتقان « مۇسىبەتنامە » دە دېيىلگىنىدەك ، « زوردۇن سابىر ئەپەندى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتچان ئىدى . ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى بەكمۇ قىزغىن سۆيەتتى . ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى باش تارتماس بۇرچى دەپ قاراپ ، 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋەزىپىسى ئورنىدا ئىشلەۋاتقىنىدا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر پائال ھەرىكەتلىنىپ ، ھەر تەرەپكە قاتراپ ، مەبلەغ توپلىدى ، ياش ئەدىبلەرنى تەربىيىلىدى ، ھەتتا ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىدىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

ياشلار سۆھبەت يىغىنى ۋە كەسپىي يازغۇچىلار خىراجىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرگەندى. زوردۇن سابىر ئەپەندى خەلقنى قىزغىن سۆيەتتى، كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلاتتى، خۇش پېئىل، چىقىشقاق، چاقچاقچى بولۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان دوستلىرى كۆپ ئىدى. كەسپىي يازغۇچى بولغان 17 يىل جەريانىدا، ئۇ ھەر يىلى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايلارغا دېگۈدەك باردى. يېزا، زاۋۇت ۋە كانلاردىكى ئاددىي ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى چۈشىنىپ، ئاساسىي قاتلام تۇرمۇشىدىن نۇرغۇن مول ماتېرىياللارنى يىغىپ، تەسىرى بار ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى».

ئەنە شۇنداق بولغاچقا خەلق ئۇنى سۆيەتتى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۇنى قىزغىن ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ سانسىز قەلبلەردىكى ئوبرازى ئۆزى ياراتقان ئىجادىيەت گۆھەرلىرىنىڭ قىممىتى بىلەن بىللە بارغانسېرى بۈيۈككە كۆتۈرۈلگەندى، ئۇ ۋاپات بولغان بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا تېخىمۇ كۆتۈرۈلمەكتە.

زوردۇنكام ۋاپات بولغاندىن كېيىن توختىماي ئېلان قىلىنىۋاتقان مەرسىيە، ئەسلىمە، سېغىنىشنامىلەرنى ئۇدۇللۇق ئوقۇپ، توپلاپ كەلمەكتىمەن.

مانا، شۇلار ئارىسىدىكى تاللانمىلاردىن پارچىلار:

«زوردۇن سابىر ئاكا ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق، كىچىك پېئىل، كەمتەر، ئىزدىنىشچانلىقى بىلەن مەندە ئۇنتۇلماس

تەسىرات قالدۇرغانىدى، — دەپ يازىدۇ قارامايدىن
ئوسمان قاۋۇل «ئۇنىڭ ئىزلىرى دىللاردا قالدى» (ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى»، 1998 ـ يىلى 26 ـ دېكابىر سانىدا) ناملىق
ئەسلىمىسىدە، — ئۇ ئۆزىنىڭ مول ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە
چوڭقۇر بىلىمى، پىشقان قەلىمى بىلەن مىللىتىمىزگە ناھايىتى كۆپ
بەدىئىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ، خەلقىمىز قەلبىدە ئۆزىنىڭ
يىقىلماس مەنىۋى ھەيكىلىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى
ئىلىنىڭ خىلۋەت يېزىلىرىدىن تارتىپ تاكى تۇرپان ـ قۇمۇلنىڭ
كۆيدۈرگۈ ئاپتاپلىق يېزا ـ سەھرالىرىغىچە، ھەتتا قەدىمكى
سەنئەت بۆشۈكى مەكتىنىڭ تەكلىماكان بويلىرىدىكى
توغراقلىقلىرىغىچە، ئانا تارىمنىڭ سىرلىق گىرۋەكلىرىگىچە
بېسىلىپ، خەلق يازغۇچىسىنىڭ تۇرمۇشنى قانداق ئۆگىنىشى
كېرەكلىكى ھەققىدە كېيىنكىلەرگە ئاجايىپ نەمۇنە بولغانىدى.»

غۇلجىدىن تۇرسۇن لېتىپ «ئەلۋىدا، سىرداش دوستۇم» («ئىلى دەرياسى»، 1998 ـ يىلى 5 ـ سان) سەرلەۋھىلىك ئەسلىمىسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

«خەلق يىغلىدى، چۈنكى خەلق سۆيۈملۈك ئوغلىدىن، ئاتاقلىق يازغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئەلۋىدا سىرداش دوستۇم، ئەلۋىدا! قەبرەڭدە خاتىرجەم يات. سەن قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات. سېنىڭ يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرىڭنى شاگىرتلىرىڭ يازىدۇ. سېنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، دۇنياغا تونۇتۇش دېگەن ئۇلۇغۋار غايەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. سېنىڭدىن خەلق رازى. سەن قىسقا ھاياتىڭدا يازغۇچىلارغا خاس ئىرادە بىلەن خەلقىمىزگە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇردۇڭ. بۇ سېنىڭ خەلقىڭگە تەقدىم قىلغان ئەڭ زور، ئەڭ مۇقەددەس مەنىۋى

بايلىقىڭ . »

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ « ھازا كۈيى » ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى ھەسرەت ۋە سېغىنىشقا تولدۇرىدۇ :

بىر تاغدا ئۇشتۇمتۇت قالىمەن كېتىپ ،
دەيتتىڭىز ، بۇ گەپلەر راست چىقتى مانا .
جەز تىرناق ھەسرەتلەر يۈرەكنى تىتىپ ،
باغرىمدا چاپچىيدۇ تىنىماي شۇ تاپتا .

ئاجايىپ مۆجىزە ، ئاجايىپ ھېكمەت ،
ئىدىڭىز پارلىغان ئاسمانىمىزدا .
مىللەتنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقان قىممەت ،
بوپ كىرگەن ئىدىڭىز ئاستانىمىزغا .

شۇنداق بىر ئۇلۇغ زات ئىدىڭىز جەزمەن ،
ۋۇجۇدتا ئوت يېقىپ ، ياشناتقان ئاپتاپ ،
داندىكى بىخلاردىن باھارنى سەزگەن ،
ۋە تۇرغان تۈنلەرنى سۈبھىدە ئاقلاپ .

تۆۋەندىكىسى دولان دىيارىلىق ئەختەم ئۆمەرنىڭ « يۈرىكىم يىغلايدۇ » ( « تەڭرىتاغ » ژۇرنىلى 1998 ـ يىلى 5 ـ سان ) ناملىق ئەسلىمىسىدىن بايان :

« جۈمە ، پېشىن نامىزىدىن كېيىن جىنازا نامىزى ئوقۇلدى . يامغۇر بولۇتلىرى تارقاپ ھاۋا ئېچىلىپ ، تومۇز ئاپتىپى قايتا باشلاندى . تاتار مەسچىتىدىن باشلانغان تاۋۇت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ بېشى ياشلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا تېخى ئايىغى رەتكە

چۇشۇپ بولالمىغانىدى. ياشلار تاۋۇتنى مۆرىسىگە قويماستىن، ئېگىز كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىشتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ماشىنىلار سېپى تاۋۇت كۆتۈرگەن پىيادە ياشلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئىلگىرىلىدى. بىر قانچە يەردە پېشقەدەملەر ياشلارغا تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىشنى ئىلتىجا قىلىشۇدى، «ھايات ۋاقتىدا كۆتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىدى، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى» دەپ چىرايلىق رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ياشلار ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىنىڭ تاۋۇتىنى مەسچىتتىن قەبرىستانلىققىچە بولغان يەتتە كىلومېتىر، بارغانچە ئېگىزلەپ ماڭىدىغان ئارىلىقنى بېسىپ كۆتۈرۈپ ئاپاردى. كۆزنى چېقىپ باشنى قايىنىتىۋېتىدىغان كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپتا ياشلار توختاۋسىز كەلكۈندەك دەۋرەپ ماڭدى.

ــ مۇشۇ يىللاردا خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ داغدۇغا بىلەن ئۇزاتقان ئۆلۈم مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچ بولدى. تۇنجى قېتىم مەرھۇم ئابلىز مەخسۇم رەھمەتلىكنى خەلق مانا مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققان. ئىككىنچى قېتىم مەرھۇم ئابدۇرېم ئۆتكۈر رەھمەتلىكنىڭ ۋاپاتى مۇشۇنداق كاتتا ناماز تاپقان. ئۈچىنچى قېتىم مانا زوردۇن سابىرنى خەلق بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇزاتتى. خەلق جىم يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىدىكەن، ــ دېيىشتى كىشىلەر.

... زوردۇنىكامنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلار ئىچىدە روزەك بەز، ئەلا، زىغرۇللام، مەتىيا، ھاشىر، گۈلسارەلەر، يەنە ئۇنىڭ قەلىمىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ھازا تۇتۇپ ماڭماقتا ئىدى. پۈتكۈل ھازىدارلارنىڭ قەلبىدە ئۇ يازغان تۈمەنلىگەن ئادەملەر ھازا ئاچماقتا. ئۇلار تېخى ھايات ياشايدۇ.»

نەشر قىلىنمىغان مەرسىيە، ئەسلىمىلەر ــ ئاۋامنىڭ يۈرەك ساداسى تېخىمۇ ساناقسىز. بىزنىڭ كىچىككىنە كۇتۇپخانىمىزدىمۇ

بۇنداق سۆزلەر كۆپ قېتىم بولۇپ ئۆتتى.

— زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىنى باشقىدىن تولۇق ئوقۇپ چىقىۋاتىمەن، — دېدى بىر قېتىم ماڭا پېنسىيىگە چىققان مەلۇم كىتابخان، — ئىلگىرىمۇ ئۇ كىشىنىڭ قەلىمىگە قايىل ئىدىم. ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇدەك بولسام، ياق، بۆلەكچىكەن، ئۇ كىشى ئۆمۈر بويى خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى گەپنى ئېيتسام، خەلقنىڭ مۇڭىنى تۆكسەم دەپلا ئۆتكەن ئادەمكەن!

— يېقىندىن بېرى زوردۇن سابىرنىڭ كىتابلىرىنى ئارىيەتكە ئالىدىغانلار بەك جىق، — دېدى بىر خىزمەتچى ماڭا، — تولىسى ياشلار. «ئىزدىنىش» بارمۇ دەپ بۈگۈنلا ئۈچ-تۆتى كەلدى. ئارىيەت ئالغانلار تېخى ئەكەلمىدى دېسەم «قاراپ بېقىڭا، كىم ئالغانىكىن، تېلېفوندا سۆيلەيلى» دەيدۇ تېخى. بەزىلەر «زوردۇن سابىرنىڭ يېقىندىن يازغان كۆپ قىسىملىق رومانى كەلدىمۇ» دەپ سوراۋاتىدۇ.

شۇنداق، خەلق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسىنى ئۇنىڭ قەلىمىدىن تونۇيدۇ، يازغىنىدىن چۈشىنىدۇ!

زوردۇن سابىرنىڭ دوستى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ «ئايرىلىش مىنۇتلىرىدىكى پىغانلىق ھېسلار» ناملىق قىسقا، ئەمما ئىنتايىن تەسىرلىك يادنامىسىمۇ ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ.

«ئابرال بويلىرىدىن، دېھقان ئائىلىسىدىن چىقىپ، بوران-چاپقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ھايات يولىدا ئىستىقبال ئىزدەپ، ئىزدىنىشكە مۇناسىپ ئىجادىيەت مېۋىسى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان، كۆپ

ھوسۇللۇق ، يازغۇچىمىز ، دوستىمىز زوردۇن سابىر بىزنى چوڭقۇر قايغۇدا ، ئەلنى سۆكۈتتە ، ئەلمۇرگەن يۈرەكلەرنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز ئارىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلدى ① ... » .

خەلقىنىڭ مۇسىبەت ياشلىرى ئاق يېغىندەك ئۆزۈلمەي تامچىلىدى ، دوستلارنىڭ مەرسىيە ـ يادنامىلىرى گۈل بەرگىلىرىدەك چېچىلدى . زوردۇنكا ، سىز بۇلارنى بىلەلىدىڭىزمۇ ؟ !

1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا غەربىي ـ شىمالدىكى بەش ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوننىڭ كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى . بۇ يىغىنغا قاتنىشىش مېنى خېلىدىن بېرى ئۆزۈم تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان ئىككى ئۆلۈم پەتىسىنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى . تاغام ، ئاتاقلىق كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللا 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغانىدى . كۇتۇپخانىچىلىق يىغىنى ئېچىلىۋاتقان كۈنلەردە ، مەن ئارىلىقلاردا تاغامنىڭ ۋە زوردۇنكامنىڭ ئائىلىسىگە ئايرىم ـ ئايرىم بېرىپ پەتە قىلدىم .

ماڭا تونۇش خانىلاردىكى يازغۇچىنى ئەسلىتىدىغان ھەربىر نەرسە كۆڭلۈمگە مۇڭ ۋە ئېغىر جۇدالىق سېزىمىنى بۆلەكتىن تولدۇردى . ئەنە ئۇنىڭ دائىم بېشىغا ئەپچىل قوندۇرۇپ كىيىۋالىدىغان سوكنۇ شلەپىسى ، ئەنە ئۇنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا چۈشكەن خىلمۇ خىل خاتىرە بۇيۇملىرى — لوڭقا ، كۆرۈنۈش ، گۈل سېۋەتلىرى ، ئەنە ئۇ تالاي قېتىم تۇرۇپكىسىنى تۇتقان ، دوستلىرى بىلەن ئامانلاشقان ، چاقچاقلاشقان ، ئىجادىيەت ھەققىدە مۇھىم سۆزلەرنى قىلىشقان ئالتۇن رەڭ تېلېفون ، ئەنە ... ئۆپكەم ئۆرۈلدى .

---

① « ئىلى دەرياسى » ، 1998 ـ يىل 5 ـ سان .

www.uyghurkitap.com

خەلچەم ھەدە كۆزلىرىدىن جۇدالىق ياشلىرىنى سىرغىتقىنچە مەرھۇمنىڭ پاراگلىرىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قىلدى.

— زوردۇن ئاكىنگىزدا كۆپتىن بىرى ئىغىر ھالدا قەنت سىيىش كىسىلى بار ئىكەندۇق، ۋاپاتىدىن كىيىن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىزىدىن بىلدۇق. ھايات چىغىدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى، دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە قىرىق ئىدى. بولمىسا شۇ قۇرۇغۇر كىسەلنىڭ بەلگىلىرىنى ئۆزى دەپ يۈرىدىغان. كۆزۈم ناچارلىشىپ كىتىۋاتىدۇ، دەيتتى، تەكشۈرتۈك دىسەم تولا خەتكە قارىغاندىن كىيىن شۇنداق بولىدۇ ـ دە، كۆزەينىكىمنى كۆرمىدىڭمۇ دەپ چاقچاققا ئايلاندۇراتتى. ھىرىپلا تۈرىمەن دەپ گاھىدا ساپادا بىردەم يىتىۋالاتتى. دوختۇرغا بارسىڭىز بولاتتى دىسەم، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئىشلەۋاتسام ئۈنچىلىك ھارمايتتىممۇ دەپ قويىاتتى. ئولتۇرسا ـ قوپسا يازىدىغانىنىڭ، ئاللىقاندان ئىشلارنى ھەل قىلىدىغانىنىڭ پارىڭىنىلا قىلاتتى. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز باش كۆتۈرمەي ئىشلەشنىلا بىلىدىكەن، ئۆزلىرىنى ئاسراشنى بىلمەيدىكەن!

گۈلساي قەبرىستانلىقى زوردۇنكاملارنىڭ ھويلىسى ئالدىدىن ئۆتىدىكەن. ماشىنىدا قەبرىستانلىققا كىتىۋاتىمەن، مەرھۇمنىڭ ناماز كۈنىدىكى گۈركىرىگەن ئالامان، تاۋۇتقا ئىسىلغان ساناقسىز ئىغلاسىمەن قوللار، ماتەملىك چىرايلار كۆز ئالدىمدا جۇسۇنلىنىپ تۇرۇۋالدى.

رەتلىك، بىر خىل ياسالغان، قاتۇرۇلغان قەبرىلەر، يادنامىلەر ئويۇلغان، ئاپئاق ئاقارتىلغان ساناقسىز تولۇقتاش شەكلىدىكى مەقبەرىلەر، نى ـ نى ئادەملەرنى باغرىغا ئالغان قەبرىستان. زوردۇن ئاكىنىڭ ئاددىيغىنا قەبرىسى ئالدىدا تىزلاندىم، بىشىمنى ئەگدىم، ئۆكسىدىم. ۋۇجۇدۇمنى يىغا

قاپلىدى. كۆز ئالدىمغا مەرھۇمنىڭ دانىشمەن چىرايى، يادىمغا ئۇنىڭ چىچەن سۆزلىرى كەلدى. تېخى تولۇق ياسىلىپ پۈتمىگەن، ئاقارتىلمىغان قەبرە ئالدىدا بىر تالاي گۈللەر ياتاتتى. ئارىسىدا تېخى سولىششقا ئۈلگۈرمىگەن گۈللەرمۇ بار ئىدى. دېمەك، ھەر كۈنى، ھەر دائىم بۇ قەبرىنى يوقلاپ كېلىۋاتقان، ھۆرمەت گۈلدەستىلىرىنى ئۈزۈلمەي ئەكېلىۋاتقانلار بار ...

تۇساتتىن ئۆزۈمنىڭ ئۇستاز قەبرىسىگە گۈلدەستە ئالغاچ كەلمىگەنلىكىمگە ئۆكۈندۈم، خىيالغا چۆكتۈم. بىراق، سەلدىن كېيىن ئۆزۈمگە يەنە تەسەللى بەردىم. سۆيۈملۈك يازغۇچىمىزغا دېگەن ساپ، ئالىي ھۆرمەت، ئەقىدەم، ئىزگۈ نىيىتىم ئۇنىڭ مازىرىغا، روھىغا، خاتىرىسىگە بېغىشلانغان مۇناسىپ گۈلدەستە ئەمەسمۇ!

دەل شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمدە بىر خىيال، قۇتلۇق خىيال، بىر پىلان، خاسىيەتلىك پىلان، بىر ئىرادە، قەتئىي ئىرادە پەيدا بولدى. مۇشۇ ئەسلىمىنى يېزىشنى قەلبىمگە پۈكتۈم. شۇ خەيرلىك نىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە روھەن يەڭگىللىنىپ قايتتىم.

يەنە نېمىلەرنى يازاي؟

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتەي دېدى، باھارنىڭ گۈللىرى يەنە ھۇپپىدە ئېچىلدى. چىرايلىق يۇرتىمىزدا رەڭ تالىشىپ، خۇش پۇراق تارتىپ ئېچىلغان ئاشۇ گۈللەر ئەلسۆيەر مەرھۇم يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ مازارىغا يېپىنچا بولسۇن!

ئەسلىمەمنى تاماملاشقا ئاز قېلىۋاتقان پەيتلەردە «مۇسىبەتنامە» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى ئابزاس يەنە يادىمغا كېلىۋالدى: «زوردۇن سابىر ئەپەندى بىز بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەن، زېھنىنى سەرپ قىلغان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت

ئىشلىرى ھازىر يېڭى ئەسىرگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇنىڭ ئاجايىپ تالانت ۋە ئىقتىدارى بىلەن يازغان داڭلىق ئەسەرلىرى بىباھا بايلىق بولۇپ خەلق ئارىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى. ئۇنىڭ تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئۆتكۈزگەن ھاياتى بىزنى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ».

ئەسلىمەم تاماملىنىپ قالغان پەيتتە، زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ پۈتۈن ھايات يولى، ئەسەرلىرى، ئۆزۈمنىڭ ئۇ ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم يادىمغا كەلدى، كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتتى. بۇ كىچىككىنە يازمامدا ئۇلارنىڭ بارلىقىنى مۇپەسسەل، ئەل ۋە دىل سۆيۈنگۈدەك يېزىپ چىقالمايمەن، ئەلۋەتتە مەندە ئۇنچىلىك ئىقتىدار نىمە ئىش قىلسۇن!

ئەسلىمەم ئاخىرلاشقاندا يادىمغا بالىلىق چاغلىرىمدىكى ھېلىقى مېھرىبان چىلان تورۇق، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مېھمانخانىسىدا، 504 ـ ياتاقتا خىيالدىن كۆزلىرى قىسىلغان زوردۇن سابىر ئاكا كەلدى، گەپلىرى ئېسىمگە چۈشتى. «مۇسىبەتنامە» ناملىق ئاق تاشلىق بىر ۋۇشيورنىڭ مۇقاۋىسىدىكى يېقىملىق چىرايىغا، خىيالچان، ئەمما ئۆتكۈر كۆزلەرگە باقتىم. شۇ تۇرقىدا زوردۇن سابىر ئەپەندى مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى، ئەدەبىياتقا بارلىقىنى بېغىشلايدىغان تېخىمۇ كۆپ كۈچتۈنگۈرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدا ئويلاۋاتاتتى، غەم يەۋاتاتتى، باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

تىنىچ يېتىڭ ئۇستاز ، ئارزۇ ــ ئارمانلىرىڭىز چوقۇم چېچەكـ
لەپ مېۋە بېرىدۇ ، ئەلۋىدا !
1999 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى يېزىلىپ پۈتتى .